

# ئولىمپىك ھەققىدە ھېكايىلەر

OLYMPIC

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

# ئولىمپىك ھەققىدە ھېكايىلەر

تەرجىمە قىلغۇچى: ياسىن سېيىت ئارچىن

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

بۇ كىتاب شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2007 ـ يىل 4 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据 新疆青少年出版社 2007 年 4 月第一版第一次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئەنۋەر ھەسەن
ئەكبەر تاش
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# ئولىمپىك ھەققىدە ھېكايىلەر

تۈزگۈچىلەر: خۇائەيپىڭ، ۋاڭ بو،
ۋاڭ يىدۇ، لى گېڭ
تەرجىمە قىلغۇچى: ياسىن سېيىت ئارچىن

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 ـ كوچا 1 ـ قورۇ، پ: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ يىبەيفېڭ باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 5.25
2008 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2008 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN978—7—5371—5841—1
سانى: 1—3000
باھاسى: 9.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# كىرىش سۆز

29 - نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 2008 - يىلى پايتەختىمىز بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ مۇسابىقىنىڭ ئېلىمىزدە ئۆتكۈزۈلۈشى ئېلىمىز ئولىمپىك تارىخىدىكى ئابىدە. ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە خەلقىمىز ئەسىرلەردىن بۇيان ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەتنىڭ شانۇ شەۋكىتى ۋە چەكسىز كۈچ - قۇدرىتى دۇنيا خەلقى ئالدىدا نامايىش قىلىنىدۇ، ئادەم ئاساس قىلىنغان ئىدىيە ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. تەنھەرىكەتچىلەر، سەنئەتكارلار ۋە پىدائىيلار جەم بولغان كاتتا مەرىكە بولىدۇ. ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى كۆرگىلى بېيجىڭغا كەلگەن كىشىلەردە ئېلىمىزدە ئۆتكۈزۈلگەن بۇ مۇسابىقىدىن چوڭقۇر تەسىرات قالىدۇ.

ياش - ئۆسمۈر دوستلارنى ھەم تەنتەربىيە ھەۋەسكارلىرىنى ئولىمپىك توغرىسىدا بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن «ئولىمپىك ھەققىدە ھېكايىلەر» ناملىق بۇ كىتابنى كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ تۈزۈپ چىقتۇق. ياش دوستلارنىڭ پۈتۈن دۇنيا كۆز تىكىپ كەلگەن ئولىمپىك ھەرىكىتىگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي بىلىملەردىن ۋە مەدەنىيەتكە دائىر تەمسىللەردىن بىز ئوتتۇرىغا قويغان قاراش ئاساسىدا بىز بىلەن بىرلىكتە خەۋەردار بولۇپ قېلىشىنى ۋە ساخاۋەتلىك ساھىبخانا سۈپىتىدە 2008 - يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى قىزغىن كۈتۈۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ياش دوستلارنىڭ ئولىمپىك ھەرىكىتىنى چۈشىنىپ، ئولىمپىك ھەرىكىتىنى قىزغىن سۆيۈپ ھەم كۈچلۈك قوللاپ، بۇ يولدا ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشۇشىغا تىلەكداشمىز.

# مۇندەرىجە


**بىرىنچى باب ئولىمپىك ھەققىدە ھېكايىلەر** ...... 1

ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى ...... 1

ئولىمپىك ھەرىكىتىنىڭ پېشۋاسى — ۋىلىيام بىننى بوروكس ...... 9

ئولىمپىك ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى — جون ئانتون سامارانچ ...... 19

**ئىككىنچى باب ئولىمپىك روھى** 31

مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش — «بوشلۇقتىكى ئۇچار ئادەم» جوردان ...... 31

فىنلاندىيىلىك «ئۇچار ئادەم» نورمى ...... 41

ئوڭۇشسىز ھالەتتە تۇرۇپ پىداكارلىق كۆرسىتىش — مەڭگۈ يېقىلماس بوكس پادىشاھى ئەلى ...... 51

ئومۇمىي ماھارەت باتۇرى سوپۇ ...... 60

ئۆزى ئۈستىدىن غالىب كېلىش — دۇنياۋى تەلۋە «قارا بۆكەن» لودورف ...... 70

**ئۈچىنچى باب ئولىمپىك ئوبرازىنىڭ تەرەققىياتى** ...... 79

ئولىمپىك ۋە سەنئەت ...... 79

رېفىن ستار ۋە ئۇنىڭ «ئولىمپىيە» ناملىق فىلىمى ...... 79

شى چۈەنكۇن ۋە ئۇنىڭ «ئولىمپىك توكيودا» ناملىق فىلىمى ...... 84

ئولىمپىك ۋە سودا ...... 90

«سودا ئاتىسى» يوبروس ............................ 90
TOP پىلانى ........................................ 96
**تۆتىنچى باب ئولىمپىك ۋە تەنھەرىكەت پەن - تېخنىكىسى** ........................ 102
قىسقىچە چۈشەنچە ................................ 102
تەنھەرىكەت كىيىملىرىدىكى پەن - تېخنىكا ........ 105
مەشىق داۋامىدىكى پەن - تېخنىكا ................ 110
**بەشىنچى باب ئولىمپىك تىراگېدىيىسى ۋە تىراگېدىلىك شەخس** ................................ 114
گېتلىرنىڭ قۇربانى — مۇسابىقىگە قاتنىشالمىغان ئولىمپىك ماھىرى ................................ 114
مىيونخېن ۋەقەسى — زامانىمىزدا يۈز بەرگەن ئولىمپىك تارىخىدىكى كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغان تراگېدىيە ........ 118
**ئالتىنچى باب ئولىمپىك جۇڭگودا** ............... 124
تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ........................... 125
ئېلىمىزنىڭ ھەر نۆۋەتلىك يازلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدىكى ئىپادىسى ........................ 129
ئېلىمىزنىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدىكى ئىپادىسى ................................ 143
ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىلتىماس سۇنۇش ........................ 146
2008 - يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ قوت بەلگىسى — بەختلىك بالىلار ... ................................ 151

**قوشۇمچە:**

ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقە تۈرلىرى .......... 155
يازلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقە تۈرلىرى ... 155
قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقە تۈرلىرى... 159

# بىرىنچى باب ئولىمپىك ھەققىدە ھېكايىلەر

## ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى

قەدىمىي ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى يۇنان ئەپسانىلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، باش تەڭرى زېۋسنىڭ ئەتراپىدىكى ھامىي پەرىشتەلەر تارىختىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق يورغىلاپ مېڭىش مۇسابىقىسىنى ئۇيۇشتۇرغانىكەن. بەزى ئېيتىشلارغا قارىغاندا، زېۋس پۈتكۈل دۇنيانى تىزگىنلەپ تۇرغان ئاتىسى — كرونوسنىڭ ئورنىغا چىققانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن بۇ پائالىيەتنى ئىجاد قىلغانىكەن.

بۇگۈنكى كۈنگە قەدەر كەڭ تارقالغان مۇنداق بىر رىۋايەتمۇ بار. رىۋايەتتە دېيىلىشىچە: ئونومانوسنىڭ ھىپپودامىيە ئىسىملىك ساھىبجامال بىر قىزى بار ئىكەن. كۆيئوغلىنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدا ئونومانوسقا ۋەھىي كېلىدىكەن. شۇڭا ھەرقانداق بىر يىگىتنىڭ قىزىنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىشىنى خالىمايدىكەن. ئۇ قىزىغا لايىق چۈشكەن يىگىتلەرنى سىناش ئۈچۈن بىر تۈرلۈك مۇسابىقە پىلانى تۈزۈپ چىققانىكەن. قىزىغا لايىق چۈشكەن يىگىت قوش چاقلىق جەڭ ھارۋىسى مۇسابىقىسىدە پوسېيدۇننىڭ كولىنىستىدىكى نەزىر - چىراغ سۇپىسىغا ئونومانوسنىڭ ئالدىدا بېرىپ بولۇش شەرت ئىكەن. مۇسابىقە باشلىنىشتىن ئاۋۋال ئونومانوس زېۋسقا بىر قوچقارنى سوۋغا قىلىدىكەن، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان چاغدا، قىزىغا لايىق چۈشكەن يىگىت ئالدىنئالا ماڭدۇرۇۋېتىلىدىكەن. ئاندىن ئونوما-

نوس ئاتىسى — ئايروس بەرگەن تۇلپار قوشۇلغان جەڭ هارۋىسى-
نى هەيدەپ يولغا چۈشىدىكەن. ئۇنىڭ جەڭ هارۋىسىنىڭ ئالدىغا
ھەرقانداق جەڭ هارۋىسى ئۆتەلمەيدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا مۇسابى-
قىگە چۈشكەن يىگىت هىپپودامىيەنى هارۋىسىغا سېلىۋېلىشى
كېرەك ئىكەن. بۇنىڭدا جەڭ هارۋىسى ئېغىرلىشىپ كېتىدىكەن
هەم يىگىتنىڭمۇ كۆڭلى بۆلۈنۈپ كېتىدىكەن. ئونومانوس قىزىغا
لايىق چۈشكەن يىگىتكە يېتىشىۋېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتىدىكەن.
باشقا يىگىتلەرنىڭ رايىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن قولىدا جان بەرگەن
يىگىتنىڭ كاللىسىنى ساراي دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويىدىكەن.
قىزىغا لايىق چۈشكەنلەردىن 12 يىگىت مۇسابىقىدە هاياتىدىن
ئايرىلغاندىن كېيىن، پىلوپوس ئىسىملىك بىر يىگىت تەلەي
سىناپ باقماقچى بوپتۇ. هىپپودامىيە بىرلا كۆرۈپ ئۇ يىگىتكە
ئاشىق بىقارار بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن هىپپودامىيە مىرتى-
لوسنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ، ئۇ ئونومانوسنىڭ هارۋى-
كىشى ئىكەن. مىرتىلوس هىپپودامىيەگە يوشۇرۇن كۆيۈپ يۈر-
گەچكە، ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن ياردەم بېرىدىغان بوپتۇ. ئۇ
ئونومانوسنىڭ جەڭ هارۋىسىنىڭ ئوقىدىكى مىخنى ئېلىۋېتىپ،
ئۇنىڭ ئورنىغا شامدىن ياسالغان مىخنى سېلىپ، جەڭ هارۋىسى-
نى كېرەكسىز قىلىپ قويۇپتۇ. مۇسابىقىدە ئونومانوسنىڭ جەڭ
هارۋىسى چۇۋۇلۇپ كېتىپتۇ. چۇلۇۋۇرغا چىرمىلىپ قالغان ئونو-
مانوسنى ئات سۆرەپ ئۆلتۈرىۋېتىپتۇ. تەنتەربىيىنىڭ بۇ تۈرى
پىلوپوس هىپپودامىيەنى ئەمرىگە ئالغاندىن كېيىن بارلىققا كەل-
گەنىكەن.

ئىنسانلارنىڭ يازما تارىخىدا خاتىرىلەنگەن تۇنجى قېتىملىق
ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مىلادىيىدىن بۇرۇن 776 -
يىلى ئۆتكۈزۈلگەن. كۆپىنچە كىشىلەر ئولىمپىك تەنھەرىكەت
مۇسابىقىسىنى ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرى ئۆتكۈزۈلگەن دەپ قارىشى-
دۇ. مىلادىيىدىن بۇرۇن 776 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن شۇ قېتىم-

لىق مۇسابىقىدە قىسقا ئارىلىقتا يۈگۈرۈش ماھىرى — كىروينوبوس بىردىنبىر تۈردە چېمپىيون بولغان. شۇ چاغدىكى يۈگۈرۈش يولىنىڭ ئايلانمىسى 192 مېتىر ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن، كىروينوبوس تارىختا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تۇنجى چېمپىيونى بولغان. قەدىمكى زاماندىكى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى بارا - بارا تەرەققىي قىلىپ، ھەر تۆت يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ تەخمىنەن 1200 يىل داۋاملاشقان. مىلادىيە 393 - يىلى كاتولىك مۇرىتى — رىم پادىشاھى دىدىئودوس I ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا سەلبىي تەسىر يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ مۇسابىقىنى توختىتىپ قويغان.

قەدىمكى زاماندىكى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقە تۈرلىرىگە ئاياللار قاتنىشىش تۇگۇل، ئۇلارنىڭ مۇسابىقىنى كۆرۈشىگىمۇ يول قويۇلمايتتى. ئەينى چاغدا، مۇسابىقە تۈرلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. يۇنان تىلىدا سۆزلىشىدىغان ھۆرلەرنىڭلا مۇسابىقىگە قاتنىشىش سالاھىيىتى بولاتتى. ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ھەمىشە ئولىمپىيىدە ئۆتكۈزۈلەتتى. ئورنى يۆتكەلمەيتتى. ئولىمپىيە يۇناننىڭ جەنۇبىي تۇزلەڭلىكىگە، يۇناندىكى بېلو پونېنىس يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىدىكى پىرگىسنىڭ شەرقىگە، ئارفوئوس دەرياسى بىلەن كىلازفوس دەرياسى قوشۇلغان جايدا ئىدى. ئافېناغا 370 كىلومېتىر كېلەتتى. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، تۆمۈر قوراللار دەۋرىدە، دولىسلار ئولىمپىيىدە مۇقەددەس ئىبادەتخانا سالغان. ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تەڭرى يولىدا ئۆتكۈزۈلگەن نەزىر - چىراغ پائالىيىتىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۇيۇشتۇرۇلاتتى. دۇنيا بويىچە ئەڭ قەدىمىي تەنھەرىكەت مەيدانى ئولىمپىيىدە ھېلىمۇ بار. شۇڭا ئولىمپىيە زىئۇسقا تېۋىنىدىغان دىنىي مەركەز بولۇپلا قالماي، ئولىمپىك مۇسابىقىسى باشلانغان جاي. ئولىمپىيىدىكى فودىياسىنىڭ

قولىدىن چىققان زىۋىسىنىڭ مۇقەددەس ھەيكىلى دۇنيادىكى يەتتە مۆجىزىنىڭ بىرسى. ئولىمپىيىنىڭ ھاۋاسى يېقىشلىق، مەنزىرىسى گۈزەل، زەيتۇن، ئارچا ۋە دارچىن دەرەخلىرى ھەممە يەردە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. 1896 ـ يىلىدىن بۇيان، زامانىمىزدىكى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى ھەرقايسى دۆلەتلەردە نۆۋەت بويىچە ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى يەنىلا ئولىمپىك نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. ھەر نۆۋەتلىك مۇسابىقىنىڭ مۇقەددەس ئوتى ئولىمپىيىدە تۇتاشتۇرۇلماقتا.

ئارىدىن تەخمىنەن 1500 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، پېتىردې گوبردام ئىسىملىك فرانسۇز ياش ئولىمپىك ھەرىكىتىنى جانلاندۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ 1863 ـ يىلى پارىژ شەھىرىدە بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، 1896 ـ يىلىدىن 1925ـ يىلىغىچە خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولدى. گوبردام ئولىمپىك روھىنى بىر ئۆمۈر تەشەببۇس قىلىپ «زامانىمىزدىكى ئولىمپىك ئاتىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. 1913 ـ يىلى، گوبردام خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى ئۈچۈن گىرب ۋە بايراق لايىھىلىدى. ئۇ 1937 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شۋېتسارىيىنىڭ جەنۋە شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتتى. ۋەسىيىتىگە ئاساسەن يۈرىكى ئولىمپىك ھەرىكىتى مەيدانغا كەلگەن جاي — ئولىمپىيە كەنتىگە جايلاشقان كورونوس تېغىغا قويۇلدى. گوبردام خەلقئارالىق مەشھۇر تەنتەربىيە ھەرىكىتى پائالىيەتچىسى بولۇپلا قالماي، شانلىق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان مائارىپشۇناس ھەم تارىخشۇناس. ئۇ ئۆمرىدە «1870 ـ يىلىدىن ئاۋۋالقى فرانسىيە تارىخى»، «مائارىپ تۈزۈلمىسىدىكى ئىسلاھات»، «ئەنگلىيە مائارىپى»، «تەنھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلىش قائىدىلىرى»، «ھەرىكەت پسىخىكىسىدىكى غايە»، «تەنتەربىيىگە مەدھىيە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازدى. ئەسەرلىرىنىڭ

ئارىسىدا 1912 - يىلى ئېلان قىلىنغان (شۇ يىلى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ستوكھولىمدا ئۆتكۈزۈلگەنىدى) «تەنتەربىيىگە مەدھىيە» ناملىق ئەسىرى ئەڭ مەشھۇر. مەزكۇر ئەسەر شۇ قېتىملىق مۇسابىقىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. گوبېردامنىڭ نامىدا ئاتىلىپ كېلىۋاتقان كوچا ۋە تەنتەربىيە سارايلىرى فرانسىيىدە ھازىرمۇ بار. فرانسىيە ئولىمپىك كومىتېتى زالىغا گوبېردامنىڭ مىس ھەيكىلى قويۇلغان. ئۇ 1999 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «ئولىمپىك ژۇرنىلى» باھالاپ تاللىغان «ئەسىر تەنتەربىيە رەھبىرى» دېگەن نامغا نائىل بولدى. گوبېردام بۇگۈنكى كۈندىمۇ ئىسلاھاتچى سۈپىتىدە دۇنياۋى مەشھۇر شەخس دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

1870 - يىلى فرانسۇزلار پروسىيە - فرانسىيە ئۇرۇشىدا گېرمانىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. شۇ چاغدا گوبېردام ئەمدىلا 7 ياشقا تولغانىدى. ئۇ فرانسىيىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى فرانسۇز ئەسكەرلىرىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئەمەس، بەلكى فرانسۇزلاردىكى ھەربىي ئىشلار ئىقتىدارىنىڭ باشقىلارغا يەتمەيدىغانلىقىدىن كۆردى. گوبېردام گېرمانىيە، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق ئەللەردە ئۆسمۈرلەر تەربىيىسىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، چېنىقىش، ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئادەم تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئارقىلىق قەددى - قامىتى راۋۇرۇس ھەم ھاياتىي كۈچكە تولغان ئادەم بولالايدىكەن دېگەن قاراشقا كەلدى.

گوبېردام تۇرلۇك ئۇسۇللار بىلەن فرانسۇزلارنى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قىزىقتۇرغان بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ قىزغىنلىقىدا كۆرۈنەرلىك كۆتۈرۈلۈش بولمىدى. گوبېردام يەنىلا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. 1892 - يىلى، گوبېردام خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى تەسىس قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس بىر گۇرۇپپا قۇردى. خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى 1894 - يىلى پارىژدا قۇرۇلدى. خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى مۇستەقىل تەشكىلات ئىدى. بۇ

كومىتېت ئولىمپىك ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىنى تەشكىللەش، گوبېردامىنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرى ئارقىلىق تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدىيەسىگە ۋارىسلىق قىلىش ھەم ئۇنى جارى قىلدۇرۇشنى ئۆزىگە ئاساسىي مەقسەت قىلغانىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن، زامانىمىزدىكى تۇنجى نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى گرېتسىيەدە ئۆتكۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن تەنتەربىيە ئەخلاقى، مەدەنىيەت ۋە تىنچلىقنى تەشۋىق قىلىش نىشان قىلىنغان قەدىمىي ئولىمپىك ھەرىكىتى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدى.

20 - ئەسىردە، زامانىمىزدىكى ئولىمپىك ھەرىكىتى ئىنسانىيەتنىڭ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى، يەر شارىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە تەرەققىيات جەريانىدا بارلىققا كەلگەن زور ئۆزگىرىشلەرنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنى باشتىن كەچۈرگەن ئولىمپىك ھەرىكىتى ئىقتىساد گۈللىنىش ھەم خارابلىشىش دەۋرىي قىلىنغان ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش ئالدىدىمۇ ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئىزچىل نامايان قىلىپ كەلدى. رىۋايەت تۇسىنى ئالغان ئەربابلار، باتۇر ئەزىمەتلەر كىشىلەرگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان تەنھەرىكەتچىلەر ئارىسىدىن مەيدانغا چىقتى. ئولىمپىك ھەرىكىتى ئىنسانىيەتنىڭ غەلىبە، ئازاب - ئوقۇبەت، شان - شەرەپ ۋە مەغلۇبىيەت قاتارلىق ھېسسىي تۇيغۇلىرى ئىپادىلەنگەن دۇنياۋى سەھنىگە ئايلاندى. شەرەپلىك تەنتەربىيە ھەرىكىتى بىلەن خەلقئارا دوستانە روھ ئەڭ سەلتەنەتلىك دۇنياۋى مەنزىرىنى ياراتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئولىمپىك ھەرىكىتى ھەرىكەت ماھارىتى بىلەن مۇسابىقە روھىنى نامايان قىلىدىغان كاتتا مەرىكىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆز نۆۋىتىدە مىللەتپەرۋەرلىك، سودا ئىشلىرى تەرەققىياتى ۋە سىياسىي مۇددىئانىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلدى. مەسىلەن، 1936 - يىلقى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ناتسىستلار گېرمانىيىسىدە ئۆتكۈزۈلدى.

شۇ قېتىملىق مۇسابىقىدە شىمالىي ياۋروپادىكى مىللەتلەرنىڭ ئىرقىي ئۇستۇنلۇكى بازارغا سېلىندى. شۇڭىنىسى، شۇ قېتىملىق مۇسابىقىدە جېش ئوۋېنس ئىسىملىك نېگىر يېنىك ئاتلېتىكا ماھىرى تۆت ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. جېش ئوۋېنس گېرمانىيىدە مەيلى نەگىلا بارسۇن، كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەلا نەتىجىلىرى بىلەن ناتسىستلارنىڭ ئىرقىي ئۇستۇنلۇك نەزەرىيىسىنى بىتچىت قىلدى. 1972 - يىلى، پەلەستىنلىك تېررورچىلار مىيونخېندا ئىسرائىلىيىلىك 11 ماھىرنى ئۆلتۇرۇۋەتتى. بۇ ۋەقە نۇرغۇن ماھىرلارنىڭ ئىپادىسىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بايقۇت قىلىشىغا ئۇچرىدى. ھەتتا، باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن توختىتىپ قويۇلدى. ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ باشقا تۈرلىرى ئۆز قەرەلىدە ئۆتكۈزۈلگەنلىكتىن، مۇسابىقە يەنىلا خاتىرىلىنىپ كەلدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ماھىرلار ئارىسىدىكى ئادىل مۇسابىقە كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالدى.

دەسلەپكى چاغلاردا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى ساھىبخانا شەھەرگە ئېغىر ئىقتىسادىي بېسىم بولغانىدى. ئەمما، يەر شارى خاراكتېرلىك ياردەم بېرىش تورى ۋە تېلېۋىزىيە - رادىئونى كىرگۈزۈش پىلانى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ساھىبخانا شەھەر ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئارقىلىق غايەت زور پايدىغا ئېرىشتى. بۈگۈنكى كۈندە، ھەربىر شەھەر مۇشۇنداق تېپىلغۇسىز پۇرسەتكە كۆز تىكمەكتە. ھەرقايسى شەھەرلەر ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش پۇرسىتىنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆزىنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرى جەھەتتىكى خەلقئارالىق ئابرۇيىنى كۈچەيتىپ، ئەركىن ھەم شەھەرلەشكەن ئىجتىمائىي ئوبرازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئارا يېڭىدىن گۈللەنگەن سودا ئىشلىرى پائال-

يىتىنى قانات يايدۇرماقتا.

ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئالىي نىشانى بىلەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت ئىشلىرى تۆپەيلى مەيدانغا كەلگەن سودا ئىشلىرى ھەم سىياسىي پائالىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت - توقۇنۇش قەدىمدىن تارتىپ روشەن بولسىمۇ، بىراق بۇ ھال ئولىمپىك ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى توسالمىدى.

# ئولىمپىك ھەرىكىتىنىڭ پېشۋاسى — ۋېلىيام بىننى بوروكس

بۇ ھېكايىدە ئولىمپىك ھەرىكىتىنىڭ ھەقىقىي پېشۋاسىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى سۆزلىنىدۇ. بۇ كىشىنىڭ نامىشەرىپى ھەممە ئادەمگە تونۇشلۇق، بۇ زات زامانىمىزدا ئۆتكۈزۈلگەن بىرىنچى قېتىملىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن ئاۋۋال ۋاپات بولغان. كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئىش شۇكى، باشقىلار ئۇنىڭدىن ئىلھام ئالدى، ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى نۇرلاندۇردى. شۇ ۋەجىدىن زامانىمىزدىكى ئولىمپىك ھەرىكىتىنىڭ گۈللىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى ھەققىدە فىلىم ئىشلەندى. مەزكۇر فىلىم توغرىسىدىكى تەشۋىقات ئالامەتلىرىنى ھەممە يەردە كۆرگىلى بولىدۇ.

زامانىمىزدىكى ئولىمپىك ھەرىكىتىنىڭ پېشۋاسى ئەنگلىيەلىك، ئۇنىڭ نامىشەرىپى ۋېلىيام بىننى بوروكس، ئۇ ھېچقانداق نام قازانمىغان يېزا دوختۇرى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاساسلىق زېھنىي كۈچىنى يۇرتىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ساغلاملىق مەسىلىسىگە قاراتقانىدى. ئۇ دوختۇرلۇق قىلىش داۋامىدا سالامەتلىكنىڭ تولىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى. ئۇ مۇشۇنداق ئوي ـ پىكىرنىڭ تۈرتكىسىدە 1850 ـ يىلى ئولىمپىك ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتىنى باشلىدى.

ۋېلىيام بىننى بوروكس 1809 ـ يىلى دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە ھازىر 200 يىل بولۇپ قالدى. ئۇ ئىرلاندىيىدىكى بىر يېزا بازىرىدا چوڭ بولدى. ماچ ۋېنروك دەپ ئاتىلىدىغان بۇ يېزا بازىرى قاتمۇ قات تاغلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى

جىلغىغا جايلاشقانىدى، چوڭ شەھەر — بىر مىنۇتلۇقلا يېتەلەيدىغان يېقىن ئىدى. يېزا بازىرىدىكىلەر ئاساسەن دېھقانچىلىق قىلىشاتتى.
ۋىليام كىچىك چاغلاردا، يېزا بازىرىدا ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى تۇرماق، ھور بىلەن ماڭىدىغان پويىزمۇ يوق ئىدى. كىشىلەر ئادەتتە ئاتلىق ياكى پىيادە يۈرەتتى. ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى ئاساسەن ئات بىلەن بولاتتى. دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى ئىشچىلار مۇشۇ بازاردا ئولتۇرۇشلۇق ئىدى. بەزىلەرنىڭ كۆڭلىرى ئىنتايىن يوقسىزچىلىقتا ئۆتەتتى. دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىللىرىدە ئىش تاپماق ئاسان، باشقا ۋاقىتلاردا قىلغۇدەك ئىشمۇ يوق ئىدى. ۋىليامنىڭ ئاتىسى دوختۇر ئىدى. ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىكى ھەرھالدا ياخشى ئىدى. قىزىل خىشتىن سېلىنغان ئۆيى ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئۇلار يېزىدا بازارغا يېقىن يەردە ئولتۇراتتى. ئۇدۇلىدا چىركاۋ قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. 800 يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ چىركاۋ يېزا بازىرىدىكى ئەڭ قەدىمىي قۇرۇلۇش ئىدى. چىركاۋ شۇ يەردىن قېزىپ ئېلىنغان ھاك تېشى بىلەن ئۆرە قىلىنغانىدى. يېزىلىق بازار مەمۇرىيىتى بىناسى چىركاۋنىڭ يېنىدا ئىدى. 1577 - يىلى سېلىنغان بۇ بىنا ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىدى. سىرتىغا ئاق بىلەن قارا سىر ئارىلاشتۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان سىر بېرىلگەنىدى. كەڭ كەتكەن ئورمانلىق يەرلىكلەرنى يېتەرلىك ياغاچ ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىگەنلىكتىن، يېزا بازىرىدىكى قۇرۇلۇشلار ئاساسەن ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىدى. بازارلىق پارلامېنت ۋە يەرلىك سوت يېزا بازارلىق مەمۇرىيەت بىناسىدا ئىدى. مەمۇرىيەت بىناسىنىڭ باش تەرىپىدىكى يىغىن زالىنىڭ ئاستى بىر ئېغىزلىق كىچىك كامېر ئىدى. بازارنىڭ قالغان تەرەپلىرى كەتكەن ئوچۇقچىلىق بولۇپ، كىشىلەر تاۋار ئالماشتۇرىدىغان ئورۇن ئىدى.
ئاتىسى ۋىليامنى جاھان كېزىشكە رىغبەتلەندۈرەتتى. ۋىليام ياش ۋاقتىدا لوندوندىكى سان تامىس دوختۇرخانىسىدا دوختۇر-

لۆقنى ئۆگەندى. پارىژ ۋە ئىتالىيىلەردە ئۆگىنىشتە بولدى. ئۇ
جاھان كېزىپ يۈرگەن چاغلاردا، ئاتىسى كېزىك كېسەلى بىلەن
قازا تاپتى. بۇ ناھايىتى ئازابلىق ئىش ئىدى. شۇ چاغدا تېبابەت
بۇنداق كېسەلنى داۋالىيالمايتتى. ۋېليام يۇرتىغا قايتتى. ئۇنىڭ
كېيىنكى ئۆمرى مۇشۇ كىچىك يېزا بازىرىدا ئۆتتى. ئۇ يەرلىك
دوختۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆپ ۋاقتىنى يەرلىك ئاھالىلەر-
نىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە سەرپ ئەتتى. دېھقانچى-
لىق مەيدانلىرىدىكى ھەم كەنتلەردىكى بىمارلارنىڭ كېسەلىنى
ئاتلىق يۈرۈپ كۆرەتتى.
ۋېليام يېزىلىق بازار مەمۇرىيىتى بىناسى بىلەن چېركاۋ
يېنىدىكى ئۆيدە ئولتۇراتتى. يېزا بازىرىدىكى ھەرقانداق بىر كى-
شى ئۇنىڭ بىلىمىنى ۋە دۇنياغا بولغان تونۇشىنى ماختىماي
تۇرالمايتتى. ئۇ ئۆگىنىش داۋامىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئىگىلى-
گەنىدى. ئۇنىڭ بىلىم دائىرىسى يالغۇز تېبابەت بىلەنلا چەكلى-
نىپ قالغان ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىچكى قۇرۇقلۇقتا ياشاۋاتقان
كىشىلەرنى چۈشىنەتتى. ساغلاملىقنىڭ تاماقلىنىش ئادىتىگە باغ-
لىق ياكى باغلىق ئەمەسلىكىنى، نامراتلىقنىڭ ساغلاملىق ئۈچۈن
ئىنتايىن پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ۋېليام ئۆز ئىقتىدارىنى
جارى قىلدۇرۇپ، ماچ ۋېنروكنى ئاجايىپ باي ماكانغا ئايلاندۇر-
دى.
شۇ چاغلاردا ئەنگلىيىدە ئۆزگىرىشلەر كۈن ساناپ يۈز بېرىپ
تۇرۇۋاتاتتى. يېزا بازىرىنىڭ يېنىدا يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن
سانائەتلەشكەن رايونلار كۆپەيدى. بۇ رايونلار سېۋېرن دەرياسى
بويىدا بارا - بارا تەرەققىي قىلىپ، يىراق - يېقىنغا مەشھۇر
تۆمۈركان رايونى ۋە تۆمۈر مەھسۇلاتلىرى مەركىزىگە ئايلاندى.
1779 - يىلى، دۇنيا بويىچە تۇنجى پولات قۇرۇلمىلىق
كۆۋرۈك — سېۋېرن دەرياسى كۆۋرۈكى پۈتتى. كۆۋرۈك ئەتراپىدا
ماگىزىنلار كۆپىيىپ، سودا - سېتىق ئىشلىرى تەدرىجىي گۈللى-

نىشكە باشلىدى.
بەزىلەر ماچ ۋېنروكنىڭ ئۆزگىرىشلەر داۋامىدا سودا پائالى-يىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىپ، يېڭىدىن روناق تاپقان رايونلار يېنىدىكى نامرات كەنتكە ئايلىنىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىشتى. ۋېليام يېزا بازىرىدا سودا ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشتى. ئۇنىڭ ياردىمىدە يېزا يوللىرىنىڭ ئەھۋالى ياخشىلان-دى، ماچ ۋېنروكتا تۆمۈر يول ياسالدى ھەم كۆمۈر گازى زاۋۇتى قۇرۇلدى. گازۋاي چىراغلار ئارقىلىق كوچىلار يورۇتۇلدى. كى-شىلەر قىشتا كۆمۈر گازى بىلەن ئىسسىنالايدىغان بولۇشتى.
كىشىلەرنىڭ مائارىپنىڭ ياردىمى بىلەن يېڭى خىرىسقا ماس-لىشالايدىغانلىقى ۋېليامغا مەلۇم ئىدى. ۋېليام يېزا بازىرىدا كى-تاب ئوقۇش كۇرسى ۋە باشقا پەنلەر بويىچە كۇرس ئاچتى. 1850- يىلى، ئۇ ۋېنروك ئولىمپىك كۇرسىنى تەسىس قىلدى. 1850 - يىلى 10 - ئايدا، تۇنجى نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ماچ ۋېنروكتىكى بەيگە مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى. مۇ-سابىقىگە ھەرقانداق ئادەم قاتنىشالايتتى. مۇسابىقىنى نۇرغۇن ئادەم كۆردى. شۇ قېتىملىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. ماچ ۋېنروكتا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ يەنە بايرىقىمۇ بار.
دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال ۋاقىتلىرىدا كىشىلەر ئارام ئېلى-شىدۇ. بەزىدە تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشى-دۇ. تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ بىرىنچى تۈرى باشلىنىشتىن ئاۋۋال، كىشىلەر يېزا بازىرىنى ئايلىنىپ نامايىش قىلىشتى. نامايىشچىلارنىڭ ئالدىدا مۇزىكا ئەترىتى ماڭاتتى. مۇسابىقە تۈر-لىرى كۆپ، جۈملىدىن يەككە ھەم كوللېكتىپ مۇسابىقىلىشىش، پۇتبول ۋە باشقا توپ تۈرلىرىمۇ بار ئىدى. غەلىبە قىلغان كىشى مۇكاپاتلىناتتى. ئىككىنچى نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى

1851 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىم مۇسابىقە تۈرلىرى يەنىمۇ
كۆپەيدى. بەزى تۈرلەر ھازىرمۇ يولغا قويۇلۇپ كەلمەكتە.
ۋېليام ئۆزىنىڭ ساغلاملىق ئىدىيىسىنى ھەربىر ئادەمگە ئېي-
تىپ كەلدى. ئۇ تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ قىممىتىنى بىلەت-
تى. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ ئىدىيە ئەنگلىيىنىڭ باشقا
شەھەر ۋە يېزا بازارلىرىغا تارقالدى. ۋېليام كىتاب ئوقۇش جەر-
يانىدا كۆپلىگەن چەت ئەللىكلەر بىلەن تونۇشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ
تەنتەربىيە ئىدىيىسىدىن چەت ئەللىك دوستلار بىلەن ئورتاقلى-
شىشنى خالايتتى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاددىي كى-
شىلەر ئۇچۇن ئۆز ئىدىيىسىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكى
ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.
ئولىمپىك توغرۇلۇق بىرىنچى قېتىملىق پىكىر ئالماشتۇ-
رۇش 1859 ـ يىلى ئىشقا ئاشتى. شۇ يىلى گرېتسىيىلىك
جىرىس زاپلاس ئافېنادا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆت-
كۈزۈشنى پىلانلىدى، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ۋېليام خەت
يېزىپ زاپلاسنى ئىلھاملاندۇردى ۋە ئاساسلىق مۇسابىقە تۈرىدە
چېمپىيون بولغۇچىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا پۇل ئەۋەتتى.
ۋېليام خېتىدە ۋېنروك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقە تۈرلىرى
ئۈستىدە تەپسىلىي توختالدى. شۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن
تۈرلەر كېيىن گرېتسىيە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تۈر-
لىرىگە كىرگۈزۈلدى.
ۋېليامنىڭ ئولىمپىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئىدىيىسى ئېرلاندى-
يىدە ئەۋج ئالدى. 1861 ـ يىلى، ئولىمپىك تەنھەرىكەت پائالى-
يەتلىرى ئېرلاندىيىگە كەڭ تۈردە تارقالدى. باشقا شەھەر ۋە
يېزىلىق بازار ھەم كەنتلەردە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلى-
رى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. 1865 ـ يىلى، ئەنگلىيە دۆلەتلىك
ئولىمپىك بىرلەشمىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەنگلىيى-
دە شەھەر ۋە يېزىلار ئارا ھەر يىلى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابى-

قىلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇردى.
1867 - يىلى 6 - ئايدا، ۋېنروكتا ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرى-
كەت مۇسابىقىسى تارىختىكى ئەڭ مەشھۇر مۇسابىقىلەرنىڭ بىرى
ئىدى، مۇسابىقە مەيدانىدا تۇنجى قېتىم فوتوگرافلار پەيدا بولدى.
ئۇلار تارتقان تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە ئائىت ئەڭ دەسلەپكى
سۈرەتلەر بىزگىمۇ تونۇشلۇق، دۆڭدىكى قەدىمىي چاقپەلەك تۇۋ-
گە توپلاشقان كىشىلەر ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان سۈرەتتە ئەمەل-
دارلار، ماھىرلار ۋە ۋېلىياممۇ بار ئىدى. يېزا بازىرىدىكى مۇشۇ
جاي ھېلىھەم داڭلىق.
ۋېلىيام ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ يالغۇز دۆلەت-
مەنلەرلا كۆڭۈل ئاچىدىغان ئەمەك ئەمەسلىكىنى، ئادەتتىكى كى-
شىلەرگىمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەل-
دى. بۇ پۈتۈنلەي يېڭى قاراش ئىدى. ئەنگلىيىدە تەنتەربىيە
پائالىيەتلىرى ئاساسەن دۆلەتلەر بىلەن ئالىي مەلۇماتلىق كىشى-
لەرنىڭ قولىدا ئىدى. ۋېلىيام پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقانداق بىر
مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ، ئۇلار مەيلى نامرات ياكى
دۆلەتمەن بولسۇن، ئوخشاشلا تەنتەربىيە ئارقىلىق چېنىقىشى
كېرەكلىكىنى ئارزۇ قىلاتتى. ۋېنروك ئولىمپىك بىرلەشمىسى
بۇ ھەقتە ئەنگلىيە پارلامېنتىغا ئىلتىماس سۇندى. ئۇلار مۇشۇ
يول ئارقىلىق تەنتەربىيە بىلەن چېنىقىشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكى-
گە قارىتا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. تەنتەربىيە بىلەن
چېنىقىشقا ھۆكۈمەتمۇ ئېتىبار بېرىشكە باشلىدى. ۋېلىيام ئالەم-
دىن ئۆتكۈچە، بەدەن چېنىقتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىغا كىشىلەر
بارا - بارا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇشتى.
1871 - يىلى، ۋېنروك ئولىمپىك بىرلەشمىسى بىلەن
گرېتسىيە ئولىمپىك بىرلەشمىسىنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىمۇ قويۇق-
لاشتى. شۇ يىلى، گرېتسىيە پادىشاھى ۋېلىيامغا ئويما نەقىشلىك
لوڭقا ھەدىيە قىلدى. بۇ لوڭقا كېيىن ئەنگلىيە دۆلەتلىك ئولىم-

پىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە بەش تۈردە چېمپىيون بولغۇچىغا
بېرىلدى. 1881 - يىلى، گرېتسىيە گېزىتلىرىدە دوختۇر ۋېلىيام
بوروكسىنىڭ ئىش - ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلدى. ۋېلىيام ئافېنادا
خەلقئارا ئولىمپىك بايرىمى تەسىس قىلىش ئۈمىدىدە گرېتسىيە
ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش يولىدا ئىزدىنىپ كېلىۋاتقا-
نىدى. بۇ خەلقئارا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش
نىيىتىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان ۋېلىيام توغرىسىدا تۇنجى قېتىم
بېرىلگەن خەۋەر ئىدى.

ۋېلىيام شۇ چاغدا 70 ياشقا كىرگەنىدى. شۇ چاغلاردا،
كىشىلەرنىڭ بۇنچىلىك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى تەس ئىدى. لې-
كىن، ۋېلىيامنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ ئولىم-
پىككە بولغان قىزىقىشىنى ئازراقمۇ بوشاشتۇرۇپ قويمىدى.
1889 - يىلى، 80 ياشقا كىرگەن ۋېلىيام فرانسۇز ياش بارون
پېتىر دې گوبردامنى ماچ ۋېنروكقا تەكلىپ قىلدى. ۋېلىيام
1850 - يىلى ماچ ۋېنروكتا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى
ئۆتكۈزگەن چاغدا بارون گوبردام تېخى دۇنياغا كەلمىگەنىدى.
گوبردام ماچ ۋېنروكقا كېلىشتىن ئىلگىرىلا، تەنتەربىيە مائارى-
پىغا سىجىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن بولسىمۇ، تەنتەربىيىنىڭ
ھەرقانداق بىر تۈرىدە مۇسابىقە تەشكىللەپ باققان ئەمەس ئىدى.

1890 - يىلى، ئەمدىلا 29 ياشقا كىرگەن بارون گوبردام
ماچ ۋېنروكنى زىيارەت قىلىپ چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدى.
ئۇ دوختۇر ۋېلىيامنىڭ ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلدى ھەم ئۇنى جۇلا-
لاندۇردى. 1896 - يىلى، ئۇ زامانىمىزدىكى تۇنجى قېتىملىق
خەلقئارا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئافېنادا تەشكىللى-
دى. ۋېلىيام بىننى بوروكس ئەسلىدە شۇ قېتىملىق ئولىمپىك
تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئەزىز مېھمىنى ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ
ئىدىيىسىنى پۈتۈن دۇنيا قوبۇل قىلغانىدى. ئەپسۇسكى، شۇ
قېتىملىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى باشلىنىشتىن نەچچە

ئاي ئاۋۋال، ئۇ ماچ ۋېنروكتا 86 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

ئافېنادا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق خەلقئارا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى پېتىر دې گوبردام ماچ ۋېنروكتا كۆرگەن مۇسابىقە شەكلى بويىچە ئۆتكۈزۈلدى. بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىمۇ مۇشۇ شەكىلدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ھەممە ئادەمگە مەنسۇپ. مۇسابىقىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلۈشى، مۇسابىقە تۈرلىرى خىلمۇخىل شەكىلدە، تاماشىبىنلار ھېسابسىز بولۇشى، غەلىبە قىلغان ماھىرلارغا مېدال بېرىلىشى، مۇسابىقە تەبرىكلەش پائالىيىتى بىلەن ئاياغلىشىشى كېرەك. ۋېلىيام 1850 ـ يىلى تەشكىللىگەن تۇنجى قېتىملىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە مۇشۇ ھالقىلارنىڭ ھەممىسى بار ئىدى.

ماچ ۋېنروكلىقلار بۇگۈنكى كۈنگىچە ۋېلىيامنىڭ ئۆتۈقلىرى بىلەن پەخىرلىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت ـ ئېھتىرامنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، يېزا بازىرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ نامى ۋېلىيام بوروكسىنىڭ نامىشەرىپى بىلەن ئاتالدى. مەكتەپ 1867 ـ يىلى ۋېلىيام سۈرەتكە چۈشكەن جاينىڭ ئەتراپىغا سېلىنىغانىدى. ئۇ سۈرەت تەنتەربىيە پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىنسانلار تارتقان تۇنجى سۈرەت ئىدى. قەدىمىي چاقپەلەك مەكتەپنىڭ كەينىدىكى تاغ باغرىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. يېزىلىق بازارنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن بىنالار سېلىنىدى. ئۇ يەرلەر ۋېلىيام پات ـ پات بېرىپ تۇرىدىغان يەرلەر ئىدى. يېزا بازىرىدىكى تار كوچىلار ۋېلىيام ياشىغان دەۋرىدىكىدىن كۆپ ئۆزگەرمىگەنىدى.

يېزا بازارلىق مەمۇرىيىتى بىلەن قوناق بازىرىنىڭ تۆۋىدىكى سودا ـ سېتىق بازىرى ھېلىھەم ئاۋات ئىدى. ۋېلىيام ھايات بولغان بولسا، يېزا بازىرىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنى ئەمدى كۆرەلمەيتتى. دېھقان ئۆيلىرىنىڭ ئورنىدا يېڭى ئۆيلەر قەد كۆتۈرگەن، بەيگە مەيدانىنىڭ ئورنىنى بىنالار ئىگىلىگەن-

دى. تۆنجى قېتىملىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈلگەندى.

يېزا بازىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كىشىلەر يېڭى ئۆي-لەرگە موھتاج بولىدۇ، ئەلۋەتتە، يېزا بازىرىدا ئەنئەنىۋى دېھقان هويلىسىدىن بىرسى ھېلىمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە. لېكىن بۇ هويلا دېھقانچىلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدۇ.

زامانىۋى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ھەممىسى يېزا بازىرى-نىڭ سىرتىغا جايلاشقان، ھازىرقى زامان دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بۇرۇنقىدىن كۆپ چوڭ ھەم ماشىنىلاشقان. ماچ ۋېنروكتا دېھقان-چىلىق قىلىدىغان كىشىلەر ناھايىتى ئاز. نۇرغۇن كىشىلەر يې-قىن ئەتراپتىكى سانائەتلەشكەن رايونلارغا كېتىپ قېلىشتى. يېزا بازىرىدا يېڭى ئاھالىلەرمۇ كۆپ، ۋېلىيام ياشىغان دەۋردە چەت ئەللىكلەرنى كۆرگىلى بولمايتتى. بۈگۈنكى كۈندە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى ھەممىلا يەردە كۆرگىلى بولىدۇ. يېزا بازىرىدا جۇڭگولۇق ئاچقان ئاشخانىدىن بىرسى، ھىندىستانلىق ئاچقان ئاشخانىدىن بىرسى ھەم جۇڭگولۇق ئاچقان ماگىزىندىن بىرسى بار. بەزى نەرسىلەر ئۆزگەردى، لېكىن كۆپلىگەن كونا نەرسىلەر يەنىلا ئەسلىي سىياقىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

يېزا بازىرىدا ھەريىلى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ. ماچ ۋېنروكتا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەن-ھەرىكەت مۇسابىقىلىرى باشقا رايونلاردىكى ماھىرلارنى بۇرۇنقىدە-دەكلا ئۆزىگە رام قىلىپ كەلمەكتە. مۇسابىقە 1890 ـ يىلى پېتىر دې گوبىردام كۆرگەن ھېلىقى مەيداندا ئۆتكۈزۈلىدۇ. دۇن-يادا تەنتەربىيە پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك تۇنجى قېتىم تارتىلغان سۈرەتتىكى يەر مۇشۇ ئىدى. كېيىن يەر ئىگىسى يەرنى يېزىلىق بازارغا ئىئانە قىلىۋەتتى. دوختۇر ۋېلىيام بوروكسىنىڭ ئولىمپىك ئىدىيىسىنى داۋاملاشتۇرۇش ئىرادىسىگە كەلگەن بۇ ئادەم كۆ-ڭۈل ئېچىش ۋە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈش

ئۇچۇن ئاھالىلەرنى بوش يەر بىلەن تەمىن ئەتتى.
دوختۇر ۋىلىيام بوروكىس ماچ ۋىنروكتا ئاھالىلەرنىڭ سالا-مەتلىك ئەھۋالىغا ئەڭ بالدۇر كۆڭۈل بۆلگەن كىشى ئىدى. ئۇ ئۆز ئىدىيىسى ھەم جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق زامانىمىزدىكى ئەڭ كاتتا تەنھەرىكەت پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈردى. 1994 - يىلى، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى جون ئانتون سامارانچ ماچ ۋىنروكنى زىيارەت قىلدى ۋە دوختۇر ۋىلىيام بو-روكسىنىڭ ئۆيى يېنىدىكى چېركاۋغا باردى. دوختۇر ۋىلىيام بو-روكسىنىڭ قەبرىسىگە گۈلچەمبىرەك قويدى. سامارانچ ئۆز سۆزىدە ۋىلىيام بوروكىس قىلغان خىزمەتلەرنىڭ مۇھىملىقىنى ئاخىر چۈ-شەنگەنلىكىنى ئېيتتى ھەم مۇشۇ قېتىملىق زىيارىتى ئارقىلىق ۋىلىيام بوروكىس قىلغان خىزمەتلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىنغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ زامانىمىزدىكى «ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقى-سىنىڭ ھەقىقىي پېشۋاسى» ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ۋىلىيام بىن-نى بوروكىس ئالەمدىن ئۆتۈپ 100 يىلدىن كېيىن، زامانىمىزدى-كى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ بۇ پېشۋاسى دۇنياۋى مەشھۇر شەخسكە ئايلاندى.

# ئولىمپىك ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى — جون ئانتون سامارانچ

خەلقئارا ئولىمپىك تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرى تارىخىدا فرانكلىن روزۋېلتتەك بىر ئادەم مەيدانغا چىققان دېيىلسە، ئۇ ئادەم دەل خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىغا ئۇدا يەتتە قېتىم رەئىس بولغان سامارانچتۇر. فرانكلىن روزۋېلت (1882 — 1945) ئامېرىكىنىڭ 32 - نۆۋەتلىك پرېزدېنتى. ئۇ 20 - ئەسىردە ئۆتكەن، ئامېرىكا خەلقىنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ھەم ئامېرىكا تارىخىدا ئۇدا تۆت نۆۋەت پرېزدېنت بولغان بىردىنبىر ئەرباب. فرانكلىن روزۋېلت 1921-يىلى يۇلۇن ئاقسىلى ياللۇغى تۈپەيلىدىن مېيىپ بولۇپ قالدى. ئۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر قۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇ 63 يېشىدا مېڭىگە قان چۈشۈش كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

سامارانچتىن ئىلگىرى ۋەزىپىدە ئولتۇرۇش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلۇش، يەڭگۈشلىنىش ئەھۋاللىرى كۆپ كۆرۈلدى. ھەر نۆۋەتلىك رەئىسلەر ئاجايىپ تۆھپىلەرنى ياراتقان بولسىمۇ، لېكىن سامارانچنىڭ تۆھپىسى ھەرقانداق بىرەرسىنىڭ تۆھپىسىدىن ھالقىپ كەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئالاھىدە ئەرباب ئىدى.

جون ئانتون سامارانچ 1920 - يىلى 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئىسپانىيىنىڭ بارسېلونا شەھىرىدە دۇنياغا كەلدى. ئاتىسى توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئىگىلىك تىكلىگەن دۆلەتمەن ئادەم ئىدى. سامارانچ تەنتەربىيىگە بولغان قىزىقىشىنى خېلى بۇرۇنلا ئىپادىلەپ، تەنتەربىيە خەۋەرلىرىنى يېزىپ باقتى. تەن-

تەربىيە ساھەسىدە باشقىلارنى بىسىپ چۈشۈشتەك ئارزۇ ـ ئىس-
تەكلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇ بارسېلونا سودا باشقۇرۇش ئالىي
ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ساقىلىق مۇز توپ ئوينايتتى.
ئۇ 1981 ـ يىلى بارسېلونادا دۇنيا مۇز توپ لەۋھە تالىشىش
مۇسابىقىسىنى ئۇيۇشتۇردى. شۇ قېتىملىق مۇسابىقىدە
ئىسپانىيە ئاخىر چېمپىيون بولدى. ئىسپانىيەدە ئىچكى
ئۇرۇش (1936 — 1939) پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ جەمەتىنىڭ
ئىگىلىك ئىشلىرىنى باشقۇردى. كېيىن ئۆي ـ زېمىن ۋە بانكا
كەسپى بىلەن مەشغۇل بولدى. سامارانچ جەمەتىنىڭ ئىگىلىكىنى
باشقۇرۇپ يۇرگەن مەزگىللەردە، شەھەرلىك ھۆكۈمەت پالاتا
ئەزاسى، 1967 ـ يىلى، ئىسپانىيە پارلامېنت ئەزاسى بولدى.
دۆلەتلىك تەنتەربىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىدە ئۈچ يىل خىزمەت قىل-
دى. 1973 ـ يىلى، سامارانچ بارسېلونا شەھەرلىك پارلامېنت-
نىڭ رەئىسى بولدى. 1977 ـ يىلى، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇل-
دى. ئۇ شۇ چاغدا ئىتالىيە كوردىنادانپىزو قىشلىق ئولىمپىك
تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى بىلەن بەند ئىدى. سامارانچ 1960 ـ
يىلى رىمدا ئۆتكۈزۈلگەن 17 ـ نۆۋەتلىك ۋە 1964 ـ يىلى
توكيودا ئۆتكۈزۈلگەن 18 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا ئولىمپىك تەنھەرى-
كەت مۇسابىقىلىرىدە ئىسپانىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى
بولدى. 1966 ـ يىلى مۇستەبىت فرانك ئۇنى دۆلەتلىك تەنتەربى-
يە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلىدى. شۇنىڭ
بىلەن بىرگە، ئۇ ئىسپانىيە دۆلەتلىك ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ
رەئىسى ھەم خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولدى.
فرانك ئىسپانىيىنىڭ سابىق دۆلەت باشلىقى، ئۇزۇن مىل-
تىقلىقلار پارتىيىسىنىڭ كاتتىۋېشى ھەم فاشىست ھەربىي مۇس-
تەبىت ئىدى. ئۇ 1892 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى
ئېرفولور ھەربىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. 1907 ـ يىلى
پىيادە ئەسكەرلەر ئىنستىتۇتىغا كىردى. 1912 ـ يىلى ماراكەش-

كە بېرىپ ئىسپانىيە مۇستەملىكە ئۇرۇشىغا قاتناشتى. 1915 ـ يىلى پودپولكوۋنىكلىققا، 1926 ـ جونجياڭلىققا ئۆستۈرۈلدى. 1931 ـ يىلى ئىسپانىيىدە ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەربىيلىك سالاھىيىتى بىكار قىلىندى. 1933ـ يىلى، مۇتەئەسسىپ كۈچلەر جۇمھۇرىيەتنى تىزگىنلىۋالدى. فرانك ئەتىۋارلاندى. ئۇ 1934ـ يىلى گېنېرال مايورلۇققا ئۆستۈرۈلدى. 1935 ـ يىلى قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش شتاب ئاچالىنىكى بولدى. 1936 ـ يىلى 2ـ ئايدا ئىسپانىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ سايلامدا، خەلق فرونتى غەلىبە قىلدى. فرانك كانارى تاقىم ئارالىرىغا يۆتكىۋېتىلىپ، شۇ يەرنىڭ ھەربىي ئىشلار باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. 1936 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، فرانك خەلق فرونتى ھۆكۈمىتىگە قارشى قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، گېتلىر گېرمانىيىسى بىلەن ئىتالىيە مۇسسولىنى ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمىدە، فاشىستلارغا قارشى خەلق كۈرىشىنى باستۇردى. ئۇ 1936 ـ يىلى قۇرۇقلۇق، دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيىلىرىنىڭ مارشالى بولدى. ئۈچ يىلغا سوزۇلغان ئىچكى ئۇرۇشتىن كېيىن، 1939 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى فرانكنىڭ قوشۇنلىرى مادرىدنى ئىشغال قىلىپ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، شۇنىڭ بىلەن مۇستەبىت ھاكىمىيەت قۇرۇلدى. فرانك دۆلەت باشلىقى بولغاندىن كېيىن، باشقا بارلىق سىياسىي پارتىيىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، فاشىست سىياسىي پارتىيە — ئۇزۇن مىلتىقلىقلار پارتىيىسىنى قانۇنلۇق پارتىيە دەپ جاكارلىدى. كوممۇنىستلار ۋە ئىلغار پىكىرلىك ئەربابلار تۇركۈملەپ تۇتقۇن قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكتىن، ئىسپانىيىلىكلەر ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرگە ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەرقايسى ئەللەرگە كۆپلەپ چىقىپ كېتىشتى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، فرانك ھۆكۈمىتى يېشىل دېڭىزىيىسىنى ئەۋەتىپ گېرمانىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتقان ھۇجۇمىغا ماسلاش-

تى. فرانك 1947 ـ يىلى ئىسپانىيىنى پادىشاھلىق دۆلەت دەپ ئېلان قىلىپ، ئۆزى ئۆمۈرلۈك ھۆكۈمران بولۇۋالدى. 1969 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، فرانك ئۆلگەندىن كېيىن، سابىق پادىشاھ ئارفانىسنىڭ نەۋرىسى جون كارلوس تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. 1975 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، پادىشاھ جون كارلوس كېسەل سەۋەبى بىلەن مادرىدتا ئالەمدىن ئۆتتى.

سامارانچ 1974 — 1978 ـ يىلىغىچە خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆتىدى. مۇستەبىت فرانك ئۆلگەندىن كېيىن، ئىسپانىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى — ئەينى چاغدا خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى ئۆتەۋاتقان سامارانچقا ئەڭ پايدىلىق دەپ قارالغان «شەرەپ بىلەن سۈرگۈن قىلىنىش» ۋاستىسىنى قوللىنىپ، ئۇنى ئىسپانىيەنىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىكىگە تەيىنلىدى (1970 — 1980). سامارانچ فرانك دەۋرىدە «مۇتلەق چىقىشالمايدىغان دۈشمەن» سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى ئورناتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك تەختىگە چىقىشىغا بۇ ئىشلارنىڭ كۆپ پايدىسى بولدى.

1980 ـ يىلى، يازلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئاياغلاشتى. خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى گرانىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا سامارانچ چىقتى. شۇ چاغدا، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ موسكۋادا ئۆتكۈزۈلۈشىگە ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر بىرلىشىپ قارشىلىق قىلىۋاتقانىدى. شۇ مەزگىلدە ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ ئاران 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بار دېگەندەك مىش ـ مىش پاراڭلارمۇ تارقالغانىدى. بۇ ھال ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋاتقان ساھىبخانا شەھەر ئۇچۇن ئېغىر بېسىم ئىدى. نەتىجىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈشنى خالايدىغان شە-

ھەرلەر چىقمايدىغاندەك ھالەت شەكىللىنىپ قالدى. خەلقئارا ئو-لىمپىك كومىتېتىنىڭ سابىق رەئىسى گرانىن ئوتتۇرىغا قويغان سىياسەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، سامارانچ مەھسۇلات نامىنى تىزىمغا ئالدۇرۇش، شۇ ئارقىلىق كىرىم يوللىرىنى كۆپ خىل-لاشتۇرۇش مەقسىتىدە، تېلېۋىزىيە ساھەسىدىكىلەر بىلەن يۇ-رەكلىك توختام تۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش شەرىپىگە ئېرىشىش نۇرغۇن شەھەرلەر ئارزۇ قىلىدىغان نىشانغا ئايلاندى. مۇسابىقە ئۆتكۈزۈش ھوقۇقى-نى نۇرغۇن شەھەرلەر بەس - بەس بىلەن تالىشىدىغان بولدى.

سامارانچ سېتكا توپ ۋە ۋاسكېتبول قاتارلىق تۈرلەرگە كەس-پىي ماھىرلارنىڭ قاتنىشىشىنى ئوخشاشلا قارشى ئالدى ھەم ۋارشاۋا شەرتنامىسىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ بىرقانچە يىلدىن بېرى ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە كەسپىي ماھىرلارنى قاتناشتۇرۇپ كې-لىۋاتقانلىقىنى، ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى كەسپىي ماھىر-لار قاتارىدا يوق ماھىرلارنىڭ سودا توختامى پائالىيىتى ئارقىلىق بېيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىدى.

ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە پىشقان سىياسىيون بولۇش سۈ-پىتى بىلەن، سامارانچ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ موسكۋادا ئۆتكۈزۈلۈشىگە قارشىلىق بىلدۈرگەن شىمالىي ئاتلان-تىك ئەھدى تەشكىلاتىدىكى دۆلەتلەرنى ۋە 1984 - يىلى لوس ئانگېلېستا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشقان سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر ئارد-سىدىكى مۇناسىۋەتنى يۇمشىتىپ، كېچىكىپ كەلگەن روسىيە فېدراتسىيە تەنتەربىيە ئۆمىكىنىڭ 1992 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشىغا يول قويدى. 1992 - يىللىق يازلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ساما-رانچنىڭ يۇرتى — بارسېلونادا ئۆتكۈزۈلدى. 1993 - يىلى شۋېتسارىيىنىڭ لوزانىنا شەھىرىدە ئولىمپىك مۇزېيى سېلىنىدى

ھەم سىرتقا ئېچىۋېتىلدى. بۇ مۇزېي لوزاننادىكى ئوخ كۆلى بويىغا جايلاشقان. 1988 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئىش باشلىنىپ، قۇرۇلۇش 1993 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى پۈتكۈزۈلدى. مۇزېي كىشىلەرنى ئولىمپىك روھى بويىچە تەربىيىلەش، بۇ روھ-نى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇشنى ئۆزىگە مەقسەت قىلدى. مۇزېي رەڭگى ئاددىي ھەم ئوچۇق ئاق بىنادىن تەركىب تاپتى. ئالدى تەرىپى ئاق مەرمەر تاش چاپلانغان ئىككى قەۋەتلىك چۆرۈل-مە تام. بۇ مەرمەر تاشلار گرېتسىيىنىڭ ساسوس ئارىلىدىن كەلتۈرۈلدى، گرېتسىيە ھۆكۈمىتى سوۋغا قىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مەرمەر تاشلار دۇنيادا سىزىقلىرى ئەڭ ئاز ۋە ئەڭ ئاق مەرمەر تاشلار ئىكەن. بۇ مەرمەر تاشلار تىنچلىققا ۋە «فورۋ بولەي» تەنتەربىيە روھىغا سىمۋول قىلىنغانىكەن. سەككىز تۈۋ-رۈكنىڭ ئىككىسىگە ھەر نۆۋەتلىك يازلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆت-كۈزۈلگەن يىل ۋە شەھەرلەرنىڭ نامى، يەنە بىر تۈۋرۈككە خەلق-ئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنلەر-نىڭ نامىشەرىپى ئويۇلغان. مۇزېينىڭ ئوڭ تەرىپىدە يېنىپ تۇر-غان غايەت زور مەشئەل بار. 1993 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23ـ كۈنى، دۇنيا ئاياللار كانكى تېپىلىش چىمپىيونى گېرمانىيىلىك قىز — ۋېرتېر مەشئەلگە ئوت ياقتى. ئولىمپىك مەشئىلى شۇنىڭ-دىن بۇيان ئۆچمەي يېنىپ تۇرماقتا. مۇزېينىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان گۈللۈكتىن رودېن، بوربور ۋە دېمىتروۋ قاتارلىق داڭلىق ھەيكەلتىراشلارنىڭ قولىدىن چىققان تەنتەربىيىگە ئائىت ھەيكەل-لەر قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇ ئولىمپىك ھەرىكىتىنىڭ تەرەققى-يات تارىخى خاتىرىلەنگەن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ مۇزېي، شۇنداقلا دۇنيادا ئولىمپىك ھەرىكىتىگە ئائىت ماتېرىياللار ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان ئورۇن. مۇزېيغا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 776 ـ يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەن

قەدىمكى ئولىمپىيىنىڭ مودېلى، شۇ نۆۋەتلىك مۇسابىقە يۈز بەر-
دىن قويۇلغان خاتىرە تىللا، گوبېردامىنىڭ تەرجىمىھالى، سۈرەت-
لىرى، ئەسەرلىرى ۋە 1936 - يىلىدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن
ھەر نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە ئىشلىتىل-
گەن مەشئەللەر، قەدىمكى يۇناندا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھە-
رىكەت مۇسابىقىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك نەرسە - كېرەكلەر، خەلق-
ئارا ئولىمپىك كومىتېتى يىغقان ئولىمپىك ھەرىكىتىگە دائىر
خاتىرە بۇيۇملار ۋە زامانىۋى يۇقىرى پەن - تېخنىكىلىق ئەسۋابلار
قويۇلغان.
تاماشىبىنلار مۇزېينىڭ ئۈچ تېمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان تېلېۋىزور-
لاردىن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدىكى سان - ساناقسىز
«دەقىقىلەر»نى كۆرەلەيدۇ ھەم ھۇزۇر ئالالايدۇ. مۇزېينىڭ ئاس-
تىنقى قەۋىتى تەتقىقات مەركىزى، بۇ يەردە كۆپلىگەن كىتاب -
ژۇرنال، سىنئالغۇ ماتېرىياللىرى، سۈرەتلەر، جۈملىدىن ئېلى-
مىزنىڭ سۇغا سەكرەش تەنھەرىكەتچىلىرىدىن شۈي يامېي ۋە فۇ-
مىڭشيانىڭ سۈرەتلىرىمۇ بار.
خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى سامارانچ ھەقىقە-
تەن ئېتىكى ئوتلۇق ئەرباب. ئۇ ئىلگىرىكى تەنھەرىكەتچىلەر بىلەن
سىياسىيونلارنىڭ ئىزچىل تەنقىدلىشىگە ئۇچراپلا قالماي، ھەتتا
ئەنگلىيىلىك ئاتاقلىق مۇخبىر ئاندوروجانىس ئۇنى ئۆزىنىڭ بىر
يۈرۈش كىتاب ۋە تېلېۋىزىيە ھۆججەتلىك فىلىملىرى ئارقىلىق
سۆكتى. ئۇ: سامارانچنى ئاقساقال تىپىدىكى بيۇروكرات ۋە فا-
شىست ھاكىمىيىتىنىڭ دەللالى دېدى. نۇرغۇن كىشىلەر بۇنداق
سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ كىشىنى ئىرگەندۈرىدىغانلىقىنى
ھېس قىلىشتى. ئوبزورچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، سامارانچ مۇتتە-
ھەم ۋە ئالدىراڭغۇ ئىكەن. ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ ئىچى -
سىرتىدىكى ئوخشاشمىغان كۆزقاراشتىكىلەرنى ھەدەپ چەتكە قا-
قىدىكەن، ئولىمپىك قارارلىرىنى ئەزەلدىن سىرتقا تەشۋىق قىل-
مايدىكەن.

1999 ـ يىلى، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسلى-كىنى 20 يىلدىن بېرى ئۆتەپ كېلىۋاتقان سامارانچ ئىككى چوڭ سەتچىلىككە دۇچ كەلدى: بىرىنچى، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خىيانەتچىلىك ۋە چىرىكلى-شىش؛ يەنە بىرى، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قات-ناشقان ماھىرلارنىڭ روھلاندۇرۇش دورىسى ئىچىش ئەھۋالىنىڭ بارغانسېرى ئەدەپ كېتىشى ئىدى. سامارانچ 1980 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەن-گەندىن بېرى ئۆزىنىڭ قەيسەر، ئىلغار ۋە پىشقان سىياسىيون ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. سامارانچ ئولىمپىك ھەرىكىتىنىڭ تە-سىر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. تېلېۋىزورنىڭ كۆرۈش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى ۋە سودا كىرىمىنى ئاشۇردى. بىراق، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى ئۆزى تۈزگەن تەنتەربىيە ئىستىلى ھەم ئۆلچىمى ۋە ئەخلاقىي ھەرىكەت بىلەن ئەخلاق مىزانلىرىدا موللاق ئاتتى. 1998 ـ يىلى، ئامېرىكىنىڭ يوتا شتاتىغا قاراشلىق فىلادېلفىيە شەھىرىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆت-كۈزۈشكە ئىلتىماس سۇنۇش سەتچىلىكى يۈز بەردى. خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىدىكى بەزى ھەيئەتلەر سايلام بېلىتى ساتقان ۋە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش ھوقۇقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىلتىماس سۇنغان فىلادېلفىيە شەھىرىگە بېلەت تاشلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتار تەكشۈرۈشلەر باشلاندى. سامارانچ خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىدىكىلەرنىڭ سايلام بېلىتى سېتىش مەسىلىسىگە قارىتا خەلقئارالىق رەسمىي تەكشۈرۈش ئې-لىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى. روھلاندۇرۇش دورىسى ئىچىش مەسىلىسىدە، 2001 ـ يىلى، بىر قېتىملىق خەلقئارالىق يىغىن تەشكىللىدى. 2001 ـ يىلى، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشۇشتىن ئاۋۋال، ئۇنىڭ ئورنى بوشىتىشىنى ئىلتىماس قىلغان سادالار بارغانسېرى كۈچەيدى. خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىدىكى نۇر-

غۇن ھەيئەتلەر سەتچىلىك تۇپەيلى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن سامارانچ شۇ يىلى 12 ـ ئايدا ئامېرىكا پارلا-مېنت يىغىنىغا قاتنىشىپ فىلادېلفىيە سەتچىلىكىگە گۇۋاھلىق بەردى. يىغىندا ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان 50 ماددىلىق ئىسلاھات تەدبىرى لايىھىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ماقۇللاندى. بۇ لايىھىدە ئو-لىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش ھوقۇقىغا ئېرى-شىشكە ئىلتىماس سۇنۇش تەرتىپى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىدىكىلەرنىڭ تاپتىن چىقىپ كېتىشتەك قىلى-مىشلىرىغا چەك قويۇلدى. بۇ لايىھە يەنە تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ دورا ئىچىش مەسىلىسىنى، بولۇپمۇ روھلاندۇرۇش دورىسى ئىچىش مەسىلىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى.

تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ دورا ئىچىش ۋە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈشكە ئوتتەك قىزىققان شەھەرلەرنىڭ ئو-لىمپىك كومىتېتىدىكى ھەيئەتلەرگە سوۋغا ـ سالام بېرىش مەسى-لىسىدە، تالاش ـ تارتىش تىنجىمىغان بولسىمۇ، سامارانچ يەنىلا كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇ ئو-لىمپىك كومىتېتىدىكى ئىللەتلەرنى تۈگىتىپ، مەركىزىي كومى-تېتنى ۋەيران بولۇش خەۋپىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى ۋە ئولىم-پىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى كىرىم كىرىدىغان ساھەگە ئايلان-دۇرۇپ دۇنيا خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان تەنتەربىيە رەھبىرى دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى نورمال ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىدىن خېلىلا ئۆتۈپ كەتكەن سامارانچ 2001 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ۋەزىپىسىدىن قالدى. بىر كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ 81 ياشقا تولغان كۈنى بولاتتى. رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ياك روگ ئۆتكۈزۈ-ۋالدى. سامارانچ خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ ئۆمۈرلۈك پەخرىي رەئىسى بولدى. ئۇ: «كېمىمىزنىڭ بوران ـ چاپقۇنلار ئارا ئالغا ئىلگىرىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىمەن» دېدى. 1999 ـ

يىلى، پارا ئېلىش سەتچىلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر جەمئىيەتكە كەڭ تارقالغان چاغلاردا سامارانچ ئىتالىيىلىك مۇخبىرغا: «مەن ئالدى ئىشىكتىن بېشىمنى تىك تۇتۇپ ئوچۇق - ئاشكارا چىقىپ كېتىمەن» دېگەن.

سامارانچ ئوغلى كىچىك ئانتون سامارانچنى خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى ئەزالىقىغا نامزات قىلىپ كۆرسەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قىلغان ئىشى ئىدى. ئامېرىكا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى كېڭەش پالاتا ئەزاسى ئارىزونا شتاتىدىكى جون مايكائېن بۇ ئىشتىن چۆچۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇ رەھبەرلىك قىلىۋاتقان سودا كومىتېتى ئامېرىكىدىكى ئولىمپىك كومىتېتىنى نازارەت قىلاتتى. «بۇ سامارانچنىڭ ئەجەل ئالدىدا قالدۇرغان ئەڭ ئاخىرقى مۇناسىۋەت بەلگۈسى، ئۇ مۇشۇ ئىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەزگىلىدىكى ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىدى» ئۇ ئامېرىكا ئاگېنتلىقى مۇخبىرىغا شۇنداق دېگەن.

سامارانچ بۇ تەنقىدتىن قاتتىق تەئەججۈپلەندى. ئۇ بىر قېتىملىق مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا: «مەن چۈشەنمىدىم، بۇ خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ ئۆزگىرىش قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن، مەن خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى ئىجرائىيە مۇدىرىيىتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، ئوغلۇمنى نامزاتلىققا كۆرسەتتىم. ئوغلۇم خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ مۇنەۋۋەر ھەيئەت ئەزاسى بولالايدۇ» دېگەن. ئۇ يەنە ئاتىلىرىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىۋاتقان توققۇز ھەيئەت ئەزاسىنى بىرمۇ بىر كۆرسىتىپ: «بۇ خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىدا ھېچقانداق يېڭىلىق ئەمەس» دەپ قوشۇپ قويغان.

بۇ ئىشنى تىلغا ئېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئوغلى ئانتون سامارانچ سالزاك ھازىر خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

بۈگۈنكى كۈندە، ئىسپانىيىدە نۇرغۇن كىشىلەر سامارانچىنى قەھرىمان قاتارىدا كۆرىدۇ. ئۇ بۇرۇن فرانك مۇستەبىت ھۆكۈمىتى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان. بەزى جامائەت ئەربابلىرى ياشانغان چاغدا كىشىلەرنىڭ كۆزىگە بۆلەكچىلا ئىسسىق كۆرۈنۈپ كېتىدىغان بولۇپ قالىدۇ. كىشىلەر ئۇنداق ئادەملەرنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى ناھايىتى ئاسان ئۇنتۇپ كېتىشىدۇ. سامارانچىنىڭ خەلقئارا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ 1992 ـ يىلى يۇرتى — بارسېلونادا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى جاكارلىغان ئاشۇ دەقىقە ھېلىمۇ كىشىلەرنىڭ يادىدا. شۇ چاغ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ شانۇ شەۋكەتلىك چاغ ئىدى. بارسېلونادا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، سىرۋىلىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن 1992 ـ يىللىق كۆرگەزمە ۋە ئىسپانىيىدىكى ئامېرىكا قىتئەسى تېپىلغانلىقىنىڭ 500 يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋە تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى «يېڭى ئىسپانىيىنىڭ زۇلمەتلىك فرانك دەۋرىدىن قۇتۇلۇپ، زامانىۋىلىشىشقا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى» ئىدى. ئېلىمىزنىڭ سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى ئىسپانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، 1992 ـ يىلى سىرۋىلىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرگەزمىگە قاتناشتى. شۇ قېتىملىق كۆرگەزمە كولومبونىڭ ئامېرىكا قىتئەسىنى تاپقانلىقىنىڭ 500 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەقسىتىدە ئۆتكۈزۈلگەنىدى. كۆرگەزمىنىڭ ئاساسىي تېمىسى «بايقالغان دەۋر». كۆرگەزمە ئۆتكۈزۈلگەن ۋاقىت دەل بارسېلونادا خەلقئارا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەن ۋاقىتقا توغرا كەلگەنىدى. بەر شارى خاراكتېرلىك ئىككى مەرىكە بىرلا ۋاقىتتا ئۆتكۈزۈلدى. شۇ قېتىملىق خەلقئارا كۆرگەزمە دۇنيا كۆرگەزمە تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ، دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بىر قېتىملىق كۆرگەزمە ئىدى.

كىشىلەر ئادەتتە سامارانچنى قەيسەر ھەم ھوشيار، جانلىق ھەم چاققان، كىيىنىشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئەرباب دەپ بىلىدۇ. ئۇ ھەر كۈنى سىجىل خىزمەت قىلىدۇ. تۇرمۇشتا ئاددىي-ساددا، بالدۇر يېتىپ بالدۇر تۇرىدۇ. خىزمەت ۋە دەم ئېلىشى تەرتىپلىك.

# ئىككىنچى باب ئولىمپىك روھى

## مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش — «بوشلۇقتىكى ئۇچار ئادەم» جوردان

نەچچە ئون يىل ئىلگىرى بەزىلەر مايكىل جوردانىنىڭ سەۋ-
يىسىدىن ھەقىقەتەن گۇمانلانغانمىدى؟ پۇت - قوللىرىنى ئوينى-
تىشنى بىلىدۇ، ئۇنىڭدا ھەقىقىي ماھارەت يوق دەپ قارىغانمى-
دى؟ ئۇ نومۇر ئېلىپ چېمپىيون بولغانلىقى ئۆزى تۇرۇۋاتقان
كوماندىنىڭ چولپانلىق تاجىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشىغا تەسىر
كۆرسەتكەنمىدى؟

20 - ئەسىر ئاخىرلاشتى. جوردان كىشىلەرنىڭ مەبۇدىسىغا
گە ئايلاندى. ئۆڭى قارا، تاقىر باش ھەم دارازا جوردان دۇنيادا
بارماق بىلەن سانىغۇدەك ۋاسكېتبول چولپىنى بولۇپ قالدى. ئۇ
چىكاگو بۇقا كوماندىسىنىڭ ئارقا مۇداپىئەچىسى ئىدى. 1984-
ۋە 1992 - يىللىرى ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابى-
قىسىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. جوردانغا ئاجايىپ ماھارەت ۋە
باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان سەۋىيە ھازىرلانغانىدى. جوردا-
نىڭ نامىشەرىپىمۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن بىل ۋە ئەلگە
ئوخشاش پېشقەدەم تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ساناقلىق ما-
ھارەت ئىگىلىرىگە ئوخشاش توپ ئويناش ئۇستۇنلۇكى بىلەن
كىشىلەرگە تونۇلدى. چىكاگو بۇقا كوماندىسى يەر شارىدىكى
مەشھۇر NBA كوماندىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. «بوشلۇقتىكى ئۇچار
ئادەم» مايكىل جوردان NBA كوماندا ئەزالىرى ئىچىدە تارىختى-
كى ئەڭ ئۇلۇغ كوماندا ئەزاسى بولۇپ قالدى. ئۇچىسىغا بۇقا

كوماندىسىنىڭ تەنھەرىكەت مايكىسىنى كىيگەن جوردانىنىڭ چاققان ۋە قوپال گەۋدىسى ھەربىر توپ مەستانىلىرىنىڭ كاللىسىدىن ئورۇن ئالدى.

1966 - يىلى، فېدېراتسىيىگە قاراشلىق NBA كوماندىلىرىنىڭ بىرى بولغان بۇقا كوماندىسى كېيىنكى دەۋرگە ماسلىشىش جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، جانلىنىشقا يۈزلەندى. 1971 - يىلى، بۇقا كوماندىسى تۆت يىل داۋام قىلغان ئادەتتىكى مۇسابىقىلەردە 50 مەيدان غەلىبە قىلدى، لېكىن 1975 - يىلدىن كېيىن چېكىنىشكە باشلىدى. 1994 - يىلى، بۇقا كوماندىسىنىڭ تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئېچىلدى. ئەينى چاغدىكى NBA كوماندىلىرى مۇشتۇمزورلار باش كۆتۈرگەن ھەم ماھارەتلىكلەر توپلاشقان كوماندىلار ئىدى. بۇقا كوماندىسىغا تەسادىپىي تاللىنىپ قالغان ئارقا مۇداپىئەچى مايكىل جوردان ناھايىتى تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلدى. بۇقا كوماندىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1991 -، 1992 -، 1996 -، 1997 -، 1998 - يىللىرى NBA كوماندىلىرىنىڭ ئارىسىدا چېمپىيون بولدى.

جوردانىنىڭ كىشىنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىۋېتىدىغان توپ ئېلىپ يۈرۈش ۋە گارغا توپ ئېتىش تېخنىكىسى توپ مەستانىلىرىنى ھاياجانغا سالدى. جوردانىنىڭ ئۆپچۆرىسىدە كلاسسىك نۇر چەمبىرىكى بار. بۇ خۇسۇسىيەت باشقا تەنھەرىكەتچىلەردە ھېلىغىچە ھازىرلانمىدى. ئۇنىڭ كىيىنىشلىرىمۇ ئۆزگىچە، ئۇ نەچچە مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىدۇ، ياراشتۇرۇپ تاقىغان گالستۇكى بىلەن سول قۇلىقىدىكى بىرىلىيانت كۆزلۈك ھالقىسى كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ. بىراق، ئۇ كىيىم - كېچەك بىلەن ئەمەس، بەلكى قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرى ئارقىلىق ھەممىنى بېسىپ چۈشكەنلىكى ئۈچۈن باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

چىكاگو بۇقا كوماندىسىنىڭ ئاۋاق يېڭى ماھىرى — مايكىل جورداننىڭ ھامان بىر كۈنى كىشىلەرنىڭ شۆنچىلىك قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئويلىمىغانىدى.

«مايكىل جوردان ئۆزىگە خاس تالانتىدىن باشقا يەنە، — دەپ يازىدۇ ‹تەنتەربىيە رەسىملىك ژۇرنىلى›، — بىر - بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن سەنئەت ماھارىتى، ئېسىل خىسلىتى ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن دۇنياۋى داڭلىق ئادەم بولالىدى.»

بۇگۈنكى كۈندە مەشھۇر زاتلار نېمىدىنىدۇر نارازى بولۇشۇپ، چاكىنىلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. لېكىن مايكىل جوردان ئۆزىنى تولىمۇ كەمتەر تۇتۇپ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە.

جوردان ئۆزىنىڭ كىچىك پېئىللىقى بىلەن چولپانلارنىڭ گۈلتاجىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئېسىل ماشىنىسىنى مەخسۇس شوپۇر ھەيدەيدۇ. قوغدىغۇچىسى كەينىدە يۈرىدۇ. ئۇ تالاي ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن، توپ مەستانىلىرىدىن ۋە تەنتەربىيىگە ياردەم بېرىدىغان سودىگەرلەردىن ھېچكىمگە ئاشمايۋاتىدۇ. جوردان بۇقا كوماندىسىدىن نەچچە مىليون ئامېرىكا دوللىرى مائاش، يەنە بىر مۇنچە مەھسۇلاتلارنىڭ ئېلانىغا چىقىپ بىر تالاي ھەق ئالىدۇ. ئارپا تابلېتكىسى ئېلانىدىن جيادېلي ئىچىملىكلىرىنىڭ ئېلانىغىچە، ماك دونالە ئېلانىدىن نايك ئېلانىغىچە ئوبرازىنى تاۋارلاشتۇرۇپ بولدى. ئۇ «بوشلۇقتىكى ئۇچار ئادەم — جوردان تەنھەرىكەت ئاياغلىرى» ماركىلىق ئاياغ ئېلانى ئارقىلىق نايك شىركىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

جوردان تۇغما تەنھەرىكەت چولپىنى ئەمەس، تەنھەرىكەتچىلارى بوردي: «تەڭرى مايكىل جوردان سىياقىدا ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ شىمالىي كارولىنا ۋېرمىڭتونىدىكى رانلېي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا مەكتەپ كوماندىسىنىڭ ئەزاسىمۇ ئەمەس ئىدى» دەيدۇ.

«مەكتەپ كوماندىسىغا كىرەلمەي بەك ئازابلانغانىدىم، — دەيدۇ ئۇ ئۇدا ئىككى قېتىم ئولىمپىك ئالتۇن مېدالىغا ئېرىشكەن جوردان ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ، — ئۇلار كوماندا ئەزالىرىنىڭ تىزىملىكىنى كىيىم يۆتكەش ئۆيىنىڭ تېمىغا چاپلاپ قويغانىدى. مېنىڭ ئىسمىم يوق تىزىملىك ئۇزۇن ۋاقىت چاپلاقلىق تۇردى. شۇ چاغدا ساراڭ بولۇپ قالاي دېگەنىدىم. مېنىڭچىلىك توپ ئوينىيالمايدىغان ھېلىقى ئەبلەخنىڭ ئىسمى تىزىملىكتە بار ئىدى.»

جوردان تېرىكمىدى، مەغلۇب بولغانلىقى ئۈچۈن باھانە - سەۋەب ئىزدەپمۇ يۈرمىدى. ئۇ مۇشۇ ئىشتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى يەنىمۇ چوڭ نەتىجىلەرنى قازىنىشقا ئىلھاملاندۇردى. مۇشۇ جەھەتتە ياشلار ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشى كېرەك.

جوردان ئاخىر چولپان بولدى. ئۇنىڭدىكى مۇۋەپپەقىيەتكە بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىش، قايتماس ئىرادە ۋە كوماندىنى شان - شۆھرەتكە ئىگە قىلىش ئىستىكى ئۇنى شۇ دەۋردىكى رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ئەربابقا ئايلاندۇردى.

«مەيلى نېمە بولسۇن، ھېرىپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلىپ، مەشىقنى توختاتقۇم كېلەتتى، لېكىن كۆزۈمنى يۇمساملا كىيىم يۆتكەش ئۆيىنىڭ تېمىغا چاپلانغان ئىسمىم كۆرگۈزۈلمىگەن ھېلىقى تىزىملىك يادىمغا كېلىپ، — دەيدۇ جوردان، — شۇنىڭ بىلەن غەيرەتلىنىپ كېتەتتىم.»

جوردانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بۇقا كوماندىسى NBA كوماندىلىرى ئارىسىدا چېمپىيون بولدى. جوردان ئىككىنچى قېتىم يەنە چېمپىيون بولۇشنى ئويلايتتى. بەش مەيدان ئۇتقاندىن كېيىن، ئالتىنچى مەيدان يەنە ئۇتقۇسى كېلەتتى. قاچان بولدى قىلىشنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بۈگۈنكى دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەر قانائەتلىنىش بىلەن ياشىماقتا. بوي ئېگىزلىكى 6.6 ئىنگلىزچىسى كېلىدىغان جوردان ئۆزىنى ھەم كوماندا ئەزالىرىنى توختى-

ماي تىرىشىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى.

جوردان بىلەن ئۇ نام چىقىرىشتىن ئىلگىرى تونۇشقان ئىك-كى ئادەمنىڭ جوردان توغرىسىدىكى بايانلىرىغا قۇلاق سېلىپ باقايلى: رانلېي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ روبى سالتۇن ئىسىملىك تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى مۇنداق دەيدۇ: «جوردان ھەر قانداق ئىشتا باشقىلارنىڭ كەينىدە قېلىشنى خالىمايتتى. بۇ ئۇنىڭ تۇغما خاراكتېرى ئىدى. مەن ئادەتتىكى ئەھۋالدا سائەت 7دىن 7 يېرىمگىچە مەكتەپكە بېرىپ بولاتتىم، مايكىل مەكتەپكە مەندىن يېرىم سائەت ئاۋۋال بېرىپ بولاتتى. تەنتەربىيە سارىيى-نىڭ ئىشىكىنى ھەر قېتىم ئاچقىنىمدا، بىرسى ئويناۋاتقان توپ-نىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايتتىم. مەيلى كۈز ياكى قىش ۋە ياكى ياز بولسۇن، يىلبويى ئەھۋال مۇشۇنداق ئىدى. مەن تالاي قېتىم ئەتىگەنلىكلىرى ئۇنى تەنتەربىيە سارىيىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكە-نىدىم.»

فورويدى لىنچ ئەينى چاغدا ياردەمچى ترېنېر ئىدى. ئۇ ھازىر رانلېي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئاساسلىق ترېنېرى. ئۇ: «ھەرقانداق ئىشتا، ئۇ كىشىنى ئاۋارە قىلىدىغان كوماندا ئەزاسى ئىدى. ۋاقىتلىق تەشكىللەنگەن ۋاسكېتبول مۇسابىقىلى-رىدىمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇ كوماندا ئەزالىرىغا ھەيدەكچىلىك قى-لىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش جاپالىق مەشىق قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى» دەيدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر جاپالىق مەشىق قىلىدۇ. لېكىن ماھارەت بىلەن بېسىم ئاستىدىكى گۈزەللىكنى بىرلەشتۈرەلەيدىغانلار ئاز. ۋاسكېتبول مۇسابىقە تارىخىدا جورداندەك گارغا چىرايلىق توپ ئاتىدىغان تەنھەرىكەتچى چىقمىغان بولۇشى مۇمكىن. جوردان ھەرقانداق ئەھۋالدا ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، تەمكىنلىكىنى ساقلى-يالايتتى.

جوردان تۇنجى قېتىم مۇسابىقىگە چۈشۈپ شىمالىي كارولىنا

شتاتىدىكى يېڭى ماھىر — گېئور گىتون بىلەن تىركىشىپ قالدى. ئۇ پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ، قولىنىڭ بېغىشىنى كەينىگە قايرىپ، تىلىنى چىقىرىپ مۇسابىقە ئاياغلىشىشقا 15 سېكۇنت قالغاندا، 17 ئىنگلىز چىسى يىراقلىقتا سەكرەپ تايىتروس (قارىماي پۇتلۇقلار) كوماندىسىنى يېڭىپ 1982 - يىلى ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن ستۇدېنتلار ئارا ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىدە چىمپىيون بولدى. ئەينى چاغدا شىمالىي كارولىنا شتاتىنىڭ ياردەمچى تېرىنېرى بولغان ئەيدى فوگىل «جوردان شۇ چاغدا بۇنىڭ نېمە ئىشلىقىنى بىلمەيتتى. لېكىن ئۇ بۇگۈن تارىخ سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى. بۇ ئىشلارغا 25 يىل بولدى. شۇ قېتىملىق مۇسابىقىدە گارغا ئېتىلغان توپ ھازىرمۇ كىشىلەرنىڭ يادىدا» دەيدۇ.

توپنى قۇچاقلىغان پېتى بوشلۇقتا ئۇچىدىغان بۇقا كوماندىسىنىڭ بۇ ئەزاسى 1989 - يىلىدىكى ۋاقتى ئۇزارتىلغان شۇ قېتىملىق ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدە كىرىفولان رېتسارلار كوماندىسىدىكى كىلىگىر ئىگىلىنى يەڭدى. جوردان چەۋەندازلار كوماندىسىنى تالاي ئاۋارە قىلدى. 1997 - يىلى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىنىڭ بەشىنچى مەيدانىدا، جوردان ئاشقازان ئاغرىقىنىڭ ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ، كېسەل ھالىتى بىلەن مەيدانغا چۈشۈپ 38 نومۇرغا ئېرىشتى. مۇسابىقە تۈگەيدىغانغا 28 سېكۇنت قالغاندا گارغا ئاتقان ئۈچ نومۇرلۇق توپى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. 1998 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىنىڭ ئالتىنچى مەيدانىدا، بۇقا كوماندىسىنىڭ ئۈچ نومۇرى كەملەپ قالغانىدى (مۇسابىقە ئاياغلىشىدىغانغا 40 سېكۇنت قالغان چاغ)، جوردان گارغا توپ ئېتىپ نومۇر ئالغاندىن كېيىن، يەنە قارشى تەرەپنىڭ توپنى توسۇپ، گارغا ھەل قىلغۇچ توپتىن بىرنى كىرگۈزۈپ، پۈتۈن دۇنيانى لەرزىگە سالدى. ئېيتىڭە، سەپتىن شەرەپ بىلەن چېكىنگەن ئاتاقلىق چولپانلاردىن نەچچىسى بار؟

جوردان ئاخىرقى قېتىم سەكرەپ تۇرۇپ گارغا ئاتقان شۇ توپ بىلەن بۇقا كوماندىسى ئۇدا ئۈچ قېتىم چېمپىيون بولدى. ئەگەر 1993 ـ يىلى، بىر يېرىم يىل ئىلگىرى سەپتىن چېكىنىپ كەتمىگەن بولسا، كېيىنكى كۈنلەردە ئۆتكۈزۈلگەن كالتەك توپ مۇسابىقىسىدە بۇقا كوماندىسى ئۇدا سەككىز قېتىم چېمپىيون بولاتتى.

جوردان بىر تالاي نەتىجىلىرى بىلەن ئۆز ئالاھىدىلىكىنىڭ بىر تەرىپىنى نامايان قىلدى. ئۇ مەيلى گولف توپ مەيدانىدا ياكى تاۋكادا بولسۇن، ئۆزىنىڭ هامان باشقىلاردىن ئۇستۇن تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ كەلدى. 1991 ـ يىلى، بۇقا كوماندىسى NBA كوماندىلىرى ئارا تۇنجى قېتىم چېمپىيونلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتتى. ئاتىسى يېنىدا تۇرغان بولسىمۇ، ئۇ چېمپىيونلۇقنىڭ نىشانىسى بولغان لوڭقىنى قۇچاقلاپ هاياجانلىنىپ يىغلاپ كەتكەنىدى.

NBA كوماندىلىرى ئارا چېمپىيون بولغان كوماندىغا بېرىلىدىغان لوڭقا ئاۋبرويىئېن لوڭقىسى دەپ ئاتىلاتتى. NBA كوماندىلىرىدا تۆت باش ترېنېر ئۆتكەن. ئۈچىنچى قېتىم ترېنېر بولغان لارى ئىرويىئېن 1975 — 1984 ـ يىللىرى ترېنېر بولغان. ئۇ ۋەزىپە ئۆتەپ تۇرغان مەزگىللەردە NBAنى قوشۇۋېلىپ، NBA نى قېلىپلاشقان چوڭ تىپتىكى ۋاسكېتبول بازىرىغا ئايلاندۇردى. 1984 ـ يىلى باش چېمپىيونلۇق لوڭقىسى NBA نىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى.

بەش يىلدىن كېيىنكى ئاتىلار بايرىمى كۈنى، جوردان سۇرئىتى ئاۋازدىن تېز كوماندىنى يېڭىپ چېمپىيون بولدى. شۇ كۈنى جوردان كىيىم يۆتكەش ئۆيىدىكى گىلەمدە كوماندا ئەزالىرىنىڭ ئالدىدا بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. بۇقا كوماندىسى ئالدىنقى قېتىم 1993 ـ يىلى چېمپىيون بولغانىدى. شۇ كۈنى ئاتىلار بايرىمى كۈنى ئىدى. جوردانىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئاخىرقى قېتىم

ئاتىلار بايرىمىنى ئۆتكۈزۈشى ئىدى. شۇ يىلى يازدا جوردانىنىڭ ئاتىسى — جامىس جوردان قەستكە ئۇچراپ ھاياتىدىن ئايرىلدى. جوردان قاتتىق ئازابلاندى.

جوردان 1963 ـ يىلى نيۇيورك شەھىرىدىكى بوروكلىندا دۇنياغا كەلدى. ئۇ بالىلارنىڭ تۆتىنچىسى ئىدى. شۇ يىلى قىشتا جورداننىڭ ئائىلىسى ۋىلمىڭتونغا كۆچۈپ كەلدى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۈچىنچى يىللىقلارنىڭ مۇسابىقىسىنى تۇگىتىپ بولدى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئاخىرقى ئىككى يىللىق ھاياتىنى مەكتەپ كوماندىسىدا توپ ئويناپ يۇقىرى يىللىقلار بويىچە ۋاسكېتبول چولپىنى بولۇپ، شىمالىي كارولىنا ئوقۇش مۇكاپاتى پۇلىغا ئېرىشتى.

جوردان يېڭى ئوقۇغۇچى قاتارىدا مۇسابىقىگە قاتناشتى. دىئان سىمىس كوماندىسى كۈچلۈك كوماندا ئىدى. گېئورگىتون بىلەن تىركىشىپ قالغان مۇسابىقىدە گارغا ئاتقان توپى بىلەن ئۇنىڭ ئىشەنچى ئاشتى. كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن پەسىللەر ئارا مۇسابىقىدە جوردان ئامېرىكا بويىچە ئىككىنچى سەپكە تاللاندى. 1984 ـ يىلى، جوردان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مۇسابىقىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، كەسپىي ماھىر بولدى. ئۇ شۇ چاغدا ئامېرىكا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ۋاسكېتبول تەنھەرىكەتچىسى بولۇپ قالغانىدى. يېڭى كوماندا ئەزالىرىنى تاللىغاندا، ئۇ ئۈچىنچى بولۇپ تاللىنىپ خيۇستون كوماندىسىدىكى ئارخىم ئوۋلاجوفان ۋە پورتىلان كوماندىسىدىكى سام بويىېرنىڭ كەينىدە تۇردى. 1984 ـ يىلى، جوردان ئامېرىكىغا ۋەكىل بولۇپ لوس ئانگېلېستا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. نومۇر ئېلىشتا ئامېرىكا كوماندىسى ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. جوردان ھەربىر مەيداندا 17.1 نومۇرنى قولغا كەلتۈردى. ئولىمپىك كومىتېتى 1992 ـ

يىلى NBA كەسپىي ۋاسكېتبول كوماندا ئەزالىرىنى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشقا رۇخسەت قىلدى. جوردان «چۇش» كوماندىسىنىڭ ئەزالىقىغا تاللاندى. ئۇ مەزكۇر كوماندىدىكى نومۇرغا ئېرىشكەن ئەزالارنىڭ ئىككىنچىسى بولدى. ئۇ ھەربىر مەيداندا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 14.9 نومۇرغا ئېرىشتى. ھەربىر مەيدان مۇسابىقە كۆپ بولغاندا 37 قېتىم پاس تارتىۋېلىنىپ ئاندىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولاتتى. ئامېرىكا ئاخىر 115:87 نەتىجە بىلەن كرودىيىنى يەڭدى. جوردان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئالتۇن مېدالىنىڭ ئىككىنچىسىگە ئېرىشتى.

ئۇلارنىڭ ناھايىتى قابىل بىر ماھىرنى تاللىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان بۇقا كوماندىسى بۇ كىشىنىڭ قانچىلىك يامان ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. 11 قېتىملىق مۇسابىقە ئوينىلىپ بولغاندا، جوردان 10 قېتىم نومۇرغا ئېرىشىپ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. 1986 — 1987 ـ يىللار ئىچىدە جوردان 3041 نومۇرغا ئېرىشتى. ئۇ چېمبىرلىنىدىن قالسا پەسىللەر ئارا مۇسابىقىلەردە ئېرىشكەن نومۇرى 3000 دىن ئېشىپ كەتكەن ماھىرغا ئايلاندى. ئۇ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر مەيدان مۇسابىقىدە 31.5 نومۇرنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. بۇ NBA ۋاسكېتبول كوماندىلىرى ۋاسكېتبول تارىخىدا يارىتىلغان ئەڭ يۇقىرى رېكورت ئىدى. جوردان چابا، چېمبىرلىن ۋە كارمالونلاردىن قالسا 29277 نومۇر بىلەن رېكورت ياراتقانلارنىڭ تۆتىنچىسى بولۇپ قالدى.

جوردان NBA كوماندىلىرى ئارا تەرتىپ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىلەردە «قىممىتى بار تەنھەرىكەتچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىلەردە يۇقىرىقى نامغا ئالتە قېتىم مۇيەسسەر بولدى. 1991 ـ يىلىدىن 1992 ـ يىلىغىچە ئۇدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىلەردە، مەيلى تەرتىپ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ياكى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىلەر بولسۇن، ئۇ «ئەڭ ئىستىقباللىق تەنھەرىكەتچى» نامىغا ئېرىشكەن بىردىنبىر تەنھەرىكەتچى ئىدى.

1993 - يىلى، ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىلەردە، جوردان ئۇدا ئۈچ يىل «ئەڭ ئىستىقباللىق تەنھەرىكەتچى» نامىغا يەنە نائىل بولدى. 1996 — 1998 - يىللاردا ئۇ ئۆز شۆھرىتىنى قايتا نامايان قىلدى. 2003 - يىلى، ئۇ ھەر قېتىملىق مۇسابىقىلەردە، 30.1 نومۇرغا ئېرىشىپ، مۇشۇ نەتىجە بىلەن NBA كوماندىلىرى تارىخىدا بىرىنچى شەخسكە ئايلاندى.

2003 - يىلى 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كەچتە NBA كوماندىلىرى ئارا ئۆتكۈزۈلگەن بىرلەشمە مۇسابىقىدە جوردان ئاخىرقى قېتىم گارغا توپ تاشلاپ ۋاسكېتبول بىلەن ئۆتكەن ئۆمرىنى ئاياغلاشتۇردى. ئاخىرقى مىنۇتلاردا ۋاسكېتبول مەيدانىدا ئالقىش كۆتۈرۈلدى. ھەممە ئادەم، جۈملىدىن ترېنېرلار ھەم قارشى كوماندا ئەزالىرىمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ بىر ھازاغىچە چاۋاك چېلىشتى. جوردان كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ، قولىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۈردى، تۆتىنچى مەيدان ئاياغلىشىدىغانغا 1 مىنۇت 44 سېكۇنت قالغاندا، جوردان ۋاسكېتبول مەيدانىدىن مەڭگۈ ئايرىلدى. «مەن ئەمدى تەنھەرىكەت كىيىمى بىلەن ۋاسكېتبول مەيدانىدا كۆرۈنمەيمەن، بۇ تۇيغۇ يامان ئەمەس. مەن ئەستايىدىل ئويلاندىم. بۇ مېنىڭ ئاخىرقى قېتىم چېكىنىشىم» دېدى جوردان.

# فىنلاندىيىلىك «ئۇچار ئادەم» نورمى

پائاۋو نورمى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ يۈگۈرۈش تەنھەرىكەتچىسى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. كىشىلەر ئۇنى «يۈگۈرۈش پادىشاھى»، فىنلاندىيىلىك «ئۇچار ئادەم» دەپ ئاتاپ كەلدى. دۇنياغا مەشھۇر نورمى فىنلاندىيىنىڭ مەڭگۈلۈك پەخرى. ئۇنىڭدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئۇنىڭ يۈگۈرۈشكە بولغان قىزغىنلىقىدىن كەلگەن. ئۇنىڭدا تۇرمۇش ئۇستىدىن غالىب كېلىدىغان كۈچلۈك بىر ئارزۇ بار ئىدى. يۈگۈرۈش ئۇنى خەلقىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتۈردى ھەم ئۆزىنىڭ يۈكسەك نىشانىغا يېتىشىدە سەۋەب بولۇپ قالدى. ماك جوكىل ئىسىملىك مەشھۇر فىنلاندىيە تەنتەربىيە مۇخبىرى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «نورمىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئادەمگەرچىلىككە يات بولغان شەپقەتسىزلىك بار. ئۇ مۇكەممەللىك ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇردى. بۇ تەبىئەتتىن ھالقىغان ئىرادە». 1920 — 1928 - يىللىرى ئۆتكۈزۈلگەن ئۈچ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە، نورمى 9 ئالتۇن مېدال ۋە ئۈچ كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى.

نورمى 1897 - يىلى، فىنلاندىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان شەھەر — توركودا دۇنياغا كەلدى. 1973 - يىلى پۈتكۈل مەملىكەت خەلقىنىڭ ھۆرمەت - ئېھتىرامى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

«تەنھەرىكەت ھەرىكىتىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت ھەرقانداق بىر ئىشتا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئوخشاش، بۇ كىشىلەرنىڭ ئاجايىپ تۆھپە يارىتالىشىغا باغلىق. تەنھەرىكەتچى ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيۈشى كېرەك.»

1912 ـ يىلى، شتورتگارتتا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە فىنلاندىيىلىك هانىس كولفىۋانىن يۈگۈرۈش جەھەتتىكى تۇغما تالانتى ئارقىلىق شۇ قېتىملىق مۇسابىقىدە ئۆزۈنغا يۈگۈرۈشتە ئۈچ تۈردە چېمپىيون بولدى. ئۇ كېيىن ئامېرىكىغا كېتىپ قالدى. هانىس كولفىۋانىن 1920 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە فىنلاندىيىگە ۋەكىل بولۇپ قاتنىشىپ، شۇ قېتىملىق مۇسابىقىنىڭ مارافونچە يۈگۈرۈش تۈرىدە يەنە بىر ئالتۇن مېدال ئالدى. 15 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا 63 ياشلىق هانىس كولفىۋانىن بىلەن نورمى كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە ئاخىرىغىچە قاتناشتى ۋە مەشئەلنى ئىككىسى بىللە كۆتۈرۈپ ئولىمپىك ھەرىكىتىنىڭ مۇقەددەس ئوتىنى تۇتاشتۇردى.

هانىس كولفىۋانىن قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن نورمىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس تەسىر قالدۇردى. نورمى ئۇنىڭغا ئوخشاش ئاجايىپ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ئىرادە باغلىدى. ئۆزۈن ئۆتمەي نورمى هاياتىدا تۇنجى قېتىم بىر جۈپ تەنتەربىيە ئايىغىغا ئېرىشتى ۋە ئۆزۈنغا يۈگۈرۈش مەشىقىنى باشلىدى. ياشلىق مەزگىلىگە قەدەم قويغان نورمىنىڭ بويى 1 مېتىر 74 سانتىمېتىر، بەدەن ئېغىرلىقى 65 كىلوگرام ئىدى. ئۇنىڭدا ئۆزۈنغا يۈگۈرۈش جەھەتتىكى شەرت هازىرلانغانىدى. نورمى ئاساسىي مەشىق بىلىملىرىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەندى. ئۇ سىستېمىلىق مەشىق ئۇسۇللىرىنى بىلىدىغان ئالدىنقى قاتاردىكى تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ بىرى ئىدى. مېنىڭچە، يۈگۈرۈش ۋە ئەۋرىشىملىكنى تەلەپ قىلىدىغان يېنىك ئاتلېتىكا تۈرلىرى ئۇ قاتتىق مەشىق قىلغان ئاساسلىق مەزمۇنلار ئىدى. ئۇ قەدەم سۈرئىتىنى ئۆلچەشنى ئۆگەندى، سېكۇنتلۇق سائەت ئىشلىتىشنىڭ پايدىسىنى بىلىۋالدى. سېكۇنتلۇق سائەت بولمىسا

ئۇ ھەرگىز يۈگۈرمەيتتى. نورمى 1914 - يىلى يۇرتىدىكى بىر
تەنتەربىيە كۇلۇبىغا قاتناشتى. ئۇنىڭ پۈتكۈل كەسپىي ھاياتى
مۇشۇ كۇلۇبقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. نورمى 1920 - يىلى 5 -
ئاينىڭ 29 - كۈنى فىنلاندىيىدە 3000 مېتىرلىق مۇساپىنى 8
مىنۇت 36.2 سېكۇنت ۋاقىت ئىچىدە تاماملاپ بىرىنچى قېتىم
دۆلەت رېكورتىنى ياراتتى. ئانتۋېرپېندا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك
تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە نورمى فىنلاندىيىنىڭ چولپىنىغا، ھا-
نىس كولېخمائىنىندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش
ماھىرىغا ئايلاندى. ئۇ بىرىنچى قېتىملىق قاتناشقان ئولىمپىك
تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش مۇساپىسى 5000
مېتىر ئىدى. ئۇ شۇ قېتىملىق مۇسابىقىدە فرانسىيە ماھىرى
جوزېف گىيرموغا ئۇتتۇرۇپ قويۇپ قاتتىق ئازابلاندى. لېكىن،
نورمىنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە چەت ئەللىك
ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش ماھىرىغا ئۇتتۇرۇپ قويۇشى مۇشۇنىڭ بىلەن
چەكلەندى. كېيىنكى كۈنلەردە، ئۇ شەھەرنى ئايلىنىپ يۈگۈ-
رۈشتە 10000 مېتىرلىق مۇساپىنى تاماملاپ ئالتۇن مېدالغا،
كوللېكتىپ شەھەرنى ئايلىنىپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە مىس
مېدالغا ئېرىشتى. ئانتۋېرپېندا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەر-
كەت مۇسابىقىسىدىن كېيىنكى ئۈچ يىل ئىچىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان
مۇسابىقىلەردە نورمى باشتىن - ئاخىر بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇپ
كەلدى. ئۇ 1921 - يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شتورتگارتتا
10000 مېتىرلىق مۇساپىنى 30 مىنۇت 40.2 سېكۇنتتا تامام-
لاپ بىرىنچى قېتىم دۇنيا رېكورتىنى ياراتتى. ئۇ يەنە 1500
مېتىردىن 10000 مېتىرلىق مۇساپىغا ئۇزۇنغا يۈگۈرۈشتە دۇنيا
رېكورتىنى توختىماي يارىتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزى ئالدىنئالا پىلان-
لىغان ۋاقىت سۈرئىتى بىلەن يۈگۈرەيتتى. باشقا ماھىرلارنىڭ
ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشىدىن غەم قىلمايتتى. ئۇ ئۆزىگە يېتەكچى
قىلغان پرىنسىپىنى چۈشەندۈرۈپ: «ۋاقىت بىلەن مۇسابىقىلەش-

كەندە جان تىكىپ ۋاقىت قوغلىشىشنىڭ ھاجىتى يوق، ۋاقىت
ئۆز سۈرئىتى بىلەن مېڭىۋېرىدۇ. باشقىلار سۈرئەت كونترول
قىلالمايدۇ - دە، ئاخىرقى چەكنى بۇزۇۋېتەلمەيدۇ». نورمى
1923 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېنىك ئاتلېتىكىنىڭ ئۈچ تۈرى —
1 ئىنگلىز مىلى، 5000 مېتىر ۋە 10000 مېتىرلىق مۇساپىدە
دۇنيا رېكورتىنى ساقلاپ كەلدى. بۇنداق رېكورتنى ئالدىنقىلارمۇ
ھەم كېيىنكىلەرمۇ يارىتىپ باقمىغانىدى.

1924 - يىلى پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن 8 - نۆۋەتلىك ئولىم-
پىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى فىنلاندىيىلىك ماھىرلار، بولۇپمۇ
نورمى ئەڭ شۆھرەت قازانغان مۇسابىقە ئىدى. نورمى ئالتە كۈن
ئىچىدە ئۈچ تۈردە يەككە ھالەتتە، ئىككى تۈردە كوللېكتىپ بىلەن
بىللە چېمپىيون بولدى. ئۇنىڭ 1500 مېتىرلىق ۋە 5000
مېتىرلىق مۇساپىغا يۈگۈرۈپ چېمپىيون بولۇشى ئاجايىپ مۆجى-
زە ئىدى. مۇسابىقىنىڭ ئىككى تۈرى ئارىلىقىدا ئىككى سائەت
ۋاقىت ئۆتمىگەنىدى. ئۇ يەنە شەھەرنى ئايلىنىپ يۈگۈرۈشتە
چېمپىيون بولدى. فىنلاندىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىگە باش بولۇپ
شەھەرنى ئايلىنىپ كوللېكتىپ يۈگۈرۈشتە، 3000 مېتىرلىق
مۇساپىگە كوللېكتىپ يۈگۈرۈشتە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى.
فرانسىيىدە چىقىدىغان «تەنتەربىيە ساياھىتى» ژۇرنىلى «نورمى
ئىنسانىيەت چېگرىسىدىن ھالقىپ كەتتى» دەپ يازدى.

نورمى 1925 - يىلى ئامېرىكىدا سەييارە ساياھەتتە بولدى.
ئۇ بەش ئاي ئىچىدە يۈگۈرۈش مۇسابىقىلىرىگە 55 قېتىم قاتناش-
تى. تالاي قېتىم يۈگۈرۈش ماھارىتى كۆرسەتتى. ئۇ 55 قېتىم
غەلىبە قىلدى. بىر مەيدان مۇسابىقىدىن ۋاز كەچتى، بىر مەيدان
مۇسابىقىدە ئۇتتۇرۇپ قويدى. يۈگۈرۈش مۇسابىقىلىرى ئاساسەن
زال ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەنىدى. شۇ يىلى باھاردا ئامېرىكىلىقلار
باشقا فىنلاندىيىلىكلەرگە قارىغاندا نورمىغا بەكرەك دىققەت قىل-
دى. باشقا فىنلاندىيىلىكلەر بۇنداق ئېتىبارغا سازاۋەر بولالمى-

دى. ئـاخبارات ۋاسـىتىلىرى ئـۇنى فىنلاندىيىلىك «ئۇچار ئادەم»، «فىنلاندىيىنىڭ تەسۋىرى»، «فىنلاندىيىلىك ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش ماھىرى» دەپ تەرىپلەشتى.

ئامېرىكىدا بولغان ساياھەت ھارغىنلىقى بۇ ئۇلۇغ ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش ماھىرىغا پايدىسىز تەسىر كۆرسەتتى. نورمى دۆلىتىگە قايتىپ كېلىپ بىرقانچە قېتىم مۇسابىقىگە قاتناشتى. لېكىن بىرەر قېتىممۇ رېكورت بۇزۇپ تاشلىيالمىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش تۈرىدە، 1924 - يىلى ئۈچ تۈردە ئۆزى ياراتقان دۇنيا رېكورتىدىن ھالقىپ كېتەلمىدى (1500 مېتىرلىق مۇساپە 3 مىنۇت 52.6 سېكۇنت، 5000 مېتىرلىق مۇساپە 14 مىنۇت 28.2 سېكۇنت، 10000 مېتىرلىق مۇساپە 30 مىنۇت 6.2 سېكۇنت). 1926-يىلى نورمىنىڭ تەنتەربىيە ھاياتىدا بۇرۇلۇش يۈز بەردى، ئۇ چېكىنىشكە باشلىدى. غەلىبە قىلغان چاغلىرىدا ئىككىنچىلىك بىلەن بولغان پەرق بارغانسېرى كىچىكلەپ كەتتى.

نورمى 31 ياشقا كىرگەن يىلى 8 ئالتۇن مېدال ۋە بىر كۈمۈش مېدال ئالغانىدى. شۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ چېمپىيونى بولۇشقا دېگەندەك زوقى قالمىغانىدى. لېكىن، ئۇ ئۆتكۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە غەلىبە قازىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئامېرىكا يېنىك ئاتلېتىكا ساھەسىدىكى قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئامىستىردامغا بېرىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ 1000 مېتىرلىق، 5000 مېتىرلىق، 3000 مېتىرلىق مـۇساپە ۋە توسالغۇدىن ئۆتۈپ يۈگۈرۈش تۈرلىرىدە ئىككىنچى بولدى.

1928 - يىلى، شۋېتسىيىدە چىقىدىغان بىر گېزىتنىڭ مۇخبىرى نورمىنى زىيارەت قىلغاندا نورمى: «بۇ مېنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا ساھەسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىم، مەن ياشاندىم، 15 يىل مۇسابىقىگە قاتناشتىم. يۈگۈرۈپ بولدۇم» دېگەن. شۇن-

داقتىمۇ ئۇ داۋاملىق يۈگۈرۈش قارارىغا كېلىپ، كۆپ ۋاقتىنى چەت ئەللەردىكى مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇ 1929 - يىلى ئامېرىكىدا ئىككىنچى قېتىم ساياھەتتە بولدى. ئۇنىڭ رېكورت بۇزۇپ تاشلاش ھالىتى ئىككىنچى يىلى ئەسلىگە كەلدى. نورمى 6 - ئايدا لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن 6 ئىنگلىز مىلىغا، ستوكھولمدا ئۆتكۈزۈلگەن 20 ئىنگلىزمىلىغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىلىرىدە دۇنياۋى رېكورت ياراتتى.

نورمى 1932 - يىلى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ئۈچىنچى قېتىم قاتنىشىش ئۈچۈن جاپالىق مەشىققە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ھەرقانداق چاغدىكىدىن قەيسەر ئىدى. نورمى ئۆزىنىڭ 10000 مېتىردىمۇ قولغا كەلتۈرگەن چېمپىيونلۇق تاجىنى ساقلاپ قېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. تەنتەربىيە بىلەن ئۆتكەن ھاياتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتۇرۇش ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ئىدى. ئۇ مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە 1920 - يىللاردىكى ھانىس كولېنۋانىنغا ئوخشاش چېمپىيون بولۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. بىراق، شۇ يىلى ئەتىيازدا «كەسپىلىشىشكە ئېغىپ كەتتى» دېگەن ئەيىبلەش بىلەن خەلقئارا يېنىك ئاتلېتىكا بىرلەشمىسى نورمىنىڭ خەلقئارالىق مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلىدى. نورمى يەنىلا لوس ئانگېلېسقا باردى. مەنئى قىلىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغان ھەم پۇتى يارىلانغان بولسىمۇ، نورمى ئولىمپىك كەنتىدە مەشىقنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. بەزىلەر ئۇنىڭ يۈگۈرۈش تۇگۇل پۇتىنى يۆتكىيەلمەيۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى. ئول مىيك مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان بارلىق تەنھەرىكەتچىلەر ئارىغا چۈشكەن بولسىمۇ نورمىنىڭ لوس ئانگېلېستىكى مۇسابىقىگە قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى. نورمى تەنھەرىكەت ماھىرىدىن تاماشىبىن ئورنىغا چۈشۈرۈۋېتىلدى. ئۇ 10000مېتىرلىق مۇساپىغا يۈگۈرۈش ۋە مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنى

كۆرۈپ ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىلى-رىدە ئۆزىنىڭ باشقا تەنھەرىكەتچىلەرگە قارىغاندا، نىشانغا 5 مى-نۇت بۇرۇن بارىدىغانلىقىنى بىلەتتى.
مۇسابىقىگە قاتنىشىشى مەنئى قىلىنغان ھەم كەسپىي ما-ھىرلار قاتارىغا كىرگۈزۈۋېتىلگەن نورمى باشقا ئەللەردە ئۆتكۈ-زۈلگەن مۇسابىقىلەرگىمۇ قاتنىشالمىدى. ئۇ 1931 - يىلى 10-ئاينىڭ 4 - كۈنى گېرمانىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدە 5000 مېتىرلىق مۇساپىغا يۈگۈرۈپ چېمپىيون بولدى. بۇ ئۇنىڭ باشقا ئەللەردىكى مۇسابىقىگە ئاخىرقى قېتىم چۈشۈشى ئىدى. فىنلان-دىيە يېنىك ئاتلېتىكا بىرلەشمىسى نورمى ئۇستىدىن چىقىرىلغان كېسىمنى قوبۇل قىلمىدى. نورمى 1934 - يىلىغىچە دۆلەتلىك ئىشتىن سىرتقى ماھىرلىك سالاھىيىتى بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ يۈردى. ئۇ 1934 - يىلى 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ۋىبورگدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدە 10000 مېتىرلىق مۇساپىغا يۈگۈرۈپ چېمپىيون بولدى. بۇ ئۇ قاتناشقان ئاخىرقى قېتىملىق مۇسابىقە ئىدى.
نورمى ئۆز ئۇنىغا يۈگۈرۈش بىلەن ئۆتكەن ھاياتىنى ئاخىرلاش-تۇرۇپ پۈتۈن كۈچى بىلەن يېڭى بىر كەسىپنى — قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى كەسپىنى باشلىدى. ئۇ 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن تارتىپ مەبلەغ توپلاپ، بۇ ساھەگە زېرەكلىك بىلەن پاي سالدى. نورمى ئۆي - مۈلۈك كەسپىدە بېيىپ كەتتى. خېلسىنكىدىكى 40 يۇرۇش شەھەر ئىچى قۇرۇلۇشىنى نورمى-نىڭ شىركىتى سالغانىدى. 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن تارتىپ 40 - يىللىرىغىچە، نورمى سودا توختامىدىن ۋاز كې-چىپ، فىنلاندىيىلىك ئۆز ئۇنىغا يۈگۈرۈش ماھىرلىرىنى مەشىقلەن-دۈرۈش خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى.
نورمىنىڭ سودا بىلەن ئۆتكەن ھاياتى ۋە شەخسىي تۇرمۇشى ناھايىتى چۈشكۈن ئىدى. لېكىن، ئۇ زۆرۈر تېپىلغاندا، جەمئى-

يەت ئۇچۇن، بولۇپمۇ فىنلاندىيە تەنتەربىيە ئىشلىرى ئۇچۇن خىزمەت قىلىشنى خالايتتى. ئۇزۇن يىللىرىدا، نورمىنىڭ شۆھرىتى خەلقئارالىق ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈشتە فىنلاندىيە ئۇچۇن پايدىلىق ئۇنۇم ياراتتى. نورمى دۆلەت مەنپەئەتى ئۇچۇن مەبلەغ توپلىغىلى ئامېرىكىغا باردى. شۇ چاغدا ئاجىز دۆلەت — فىنلاندىيە كۈچلۈك دۆلەت — سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۇزۇش قىلىۋاتاتتى. 10000 مېتىرلىق مۇساپىنى يېرىم سائەتتە يۈگۈرۈپ بولغان ئالدىنقى قاتاردىكى تەنھەرىكەت ماھىرى تاۋستو مايكىل نورمىغا ھەمراھ بولدى. مايكىل نەچچە مەيدان ئويۇن كۆرسىتىپ، كىرگەن كىرىمنى فىنلاندىيىنىڭ قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا ئاتىدى.

1952 ـ 15 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى يىلى 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى فىنلاندىيە پايتەختى — خېلسىنكىدا ئۆتكۈزۈلدى. ئولىمپىك مەشئىلىنى يەتكۈزىدىغان تەنھەرىكەت ماھىرىنىڭ ئىسىم ـ شەرىپىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئولىمپىك تەنتەربىيە سارىيىدىكى ئېلېكترون نومۇر ھېسابلاش تاختىسىدا «نورمى ئولىمپىك مەشئىلىنى كۆتۈرۈپ تەنتەربىيە سارىيىغا كىرىۋاتىدۇ» دېگەن خەتلەر كۆرۈنگەندە پۈتۈن مەيدان سۈكۈتكە چۆمدى. ئارقىدىنلا 70 مىڭ تاماشىبىن ئالقىش ياڭراتتى، تالاي تاماشىبىنلار يىغلاپ تاشلىدى. نورمى ئوتنى تۇتاشتۇرۇپ، ئولىمپىك مەشئىلىنى كۆتۈرۈپ تەنتەربىيە سارىيىنىڭ پەشتىقىغە چىقتى. ئاندىن يەنە بىر ئولىمپىك قەھرىمانى بىر دۆۋە ئوتنى تۇتاشتۇردى، ئۇ ھانىس كولفىۋانىن ئىدى.

زېرەكلىك، سۇرلۇك قىياپەت ۋە قەتئىي ئىرادە ئارقىلىق كۆزلىگەن نىشانغا يېتىش نورمىدىكى روھىي ھالەتنىڭ ھەقىقىي تەسۋىرى. ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن ئاجايىپ نەتىجىلىرىدىن گۇمانلىنىپ قالاتتى. «خىزمەت، ئىلىم ـ پەن ۋە سەنئەتنىڭلا ھەقىقىي قىممىتى بار» دەيتتى ئۇ.

نورمى خىزمەتنى توختىتىپ قويۇشنى ئەسلا خالىمايتتى. 20 -
ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى، تاجىسمان ئارتېرىيە قان
نۆكچىسى كېسىلى ساقايغاندىن كېيىن، ئۇ 1967 - يىلى كېسەل
تۈپەيلى قايتا يىقىلغانغا قەدەر تىرىشىپ خىزمەت قىلدى. نورمى
1968 - يىلى تاجىسمان ئارتېرىيە قان نۆكچىسى كېسىلى ۋە
جامائەت ساغلاملىقى تەتقىقات فوندىنى تەسىس قىلىپ، مەزكۇر
تەتقىقات فوندىنى ئېگىز ئىككى بىنا ۋە نۇرغۇن مەبلەغ بىلەن
تەمىنلىدى.

نورمى 1973 - يىلى 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى خېلىنىسكىدا
ئالەمدىن ئۆتتى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئەۋەتىلگەن
تەزىيىنامىلەردە ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى قىزغىن مەدھىيىلەن-
دى. فېنلاندىيە مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ سابىق مىنىستىرى
ماكاتاۋائىېن نورمىنى خاتىرىلەپ: «رېكورت ھامان بۇزۇپ تاش-
لىنىدۇ. ئالتۇن مېدال ھامان ئۆزىنىڭ پارقىراقلىقىنى يوقىتى-
دۇ. غالىبلارغا رەقىب ھامان تېپىلىدۇ. لېكىن نورمى تارىخ
ئۇقۇمى سۈپىتىدە مەڭگۈ مەغلۇب بولمايدۇ» دېدى. 1973 -
يىلى 10- ئاينىڭ 11 - كۈنى فېنلاندىيىدە نورمى ئۈچۈن دۆلەت
دەپنىسى ئۆتكۈزۈلدى. دەپنە مۇراسىمى خېلىنىسكىدىكى قەدىمىي
چېركاۋدا بولدى. نورمىنىڭ مېيىتى ماشىنا بىلەن يۇرتى توركوغا
ئاپىرىلىپ، شۇ يەردىكى جەمەت قەبرىستانلىقىغا قويۇلدى.

كىشىلەر نورمىنى تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن خاتىرىلەپ كەل-
مەكتە. تالاي دۆلەتلەردە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كىتابلار نەشر
قىلىندى. مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. 1924-
يىلى فېنلاندىيە ھۆكۈمىتى فېنلاندىيىلىك مەشھۇر ھەيكەلتىراش
ۋاننوئارتومانىنى تەكلىپ قىلىپ نورمى ئۈچۈن ھەيكەل تۇرغۇزغا-
نىدى. 1952 - يىلى فېنلاندىيىدە بۇرۇنقى ھەيكەلنىڭ شەكلىدە
نورمىنىڭ يەنە ئىككى ھەيكىلى تۇرغۇزۇلۇپ، بىرى خېلىنىسكى
ئولىمپىك تەنتەربىيە سارىيىنىڭ ئالدىغا، يەنە بىرى نورمىنىڭ

يۇرتى — توركوغا، نورمىنىڭ دۆلەتلىك سەنئەت مۇزېيىدا ساقلى-
نىۋاتقان ئەسلىي ھەيكىلى 1983 - يىلى كوۋاسكايلا ئۇنىۋېرسى-
تېتى تەنتەربىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. فىنلاندىيە ھۆ-
كۇمىتى 1994 - يىلى نورمىنىڭ يەنە بىر ھەيكىلىنى تۇرغۇ-
زۇپ، ئۇنى شۋېتسارىيە لوزاننادىكى ئولىمپىك كومىتېتى باغچى-
سىغا ئەۋەتىپ بەردى. فىنلاندىيە دۆلىتى خاتىرە ئىزناك ۋە
خاتىرە پوچتا ماركىسى تارقاتتى. كوچىلار نورمىنىڭ نامىدا ئاتال-
دى. فىنلاندىيە بانكىسى 1987 - يىلى 10 ماركىلىق قەغەز پۇل
باستى. پۇلنىڭ بىر يۈزىگە نورمىنىڭ باش سۈرىتى، يەنە بىر
يۈزىگە ئولىمپىك تەنتەربىيە سارىيىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن-
دى. بىر دۆلەتنىڭ شۇنچىلىك ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن فىنلاندىيە-
لىك «ئۇچار ئادەم» دەك تەنھەرىكەت ماھىرى ئولىمپىك ماھىرلى-
رىنىڭ ئارىسىدا بولمىسا كېرەك.

# ئوڭۇشسىز ھالەتتە تۇرۇپ پىداكارلىق كۆرسىتىش — مەڭگۈ يىقىلماس بوكس پادىشاھى ئەلى

ئەلى ئۆزىنى «ئەڭ ئۇلۇغ ئەرباب» دەپ سانايدۇ. ئۇنىڭ كەسپىي ھاياتى پەللىگە يەتكەن چاغدا كىشىلەر ئاخىر ئۇنىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلدى. لېكىن، مۇھەممەد ئەلى بوكس مەيدانىدىلا كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى بوكس مەيدانىنىڭ سىرتىدا نامايان بولدى. ئۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى مەغلۇب قىلغانىدى. ئەلى دىن سەۋەبىدىن ئەسكەر بولۇشنى رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مىليون ئامېرىكا دوللىرى زىيان تارتتى ھەم ئېغىرلىق بويىچە بوكس چىمپىيونى تاجىسىدىن قۇرۇق قالدى. ئۇ ھاياتىدا ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغان جەڭ مەيدانىدا شانلىق غەلىبىگە سازاۋەر بولدى.

سوننى لىستون بىلەن بولغان ئىككىنچى قېتىملىق ئېلىشىشتا، مۇھەممەد ئەلى بىرىنچى مەيدان مۇسابىقىدە سابىق بوكس چىمپىيونى سوننى لىستوننى يىقىتتى. ئۇ مۇشۇ غەلىبىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئىسمىنى ئۆزگەرتتى.

تەنتەربىيە ساھەسىدە چولپانلار ھەم ئاجايىپ تەنھەرىكەتچىلەر كۆپ. ھەممىسىنى يۇغۇرغان ھالەتتىمۇ ئۇلار تۇغۇلغاندا كاشىوس كىلەي، كېيىن مۇھەممەد ئەلى دەپ ئاتالغان دۇنياغا مەشھۇر بۇ ياشنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ «كېيىنەككە ئوخشاش ئەركىن پەرۋاز قىلىدىغان، كىشىلەرگە ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشاش نەشتىرىنى سانجىيدىغان» خۇسۇسىيىتى بارلىقىنى ئېيتىپ ماختانغانىدى. ئۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى

غەلىتە مىجەزلىك بولۇپ قالدى. كېيىن مەملىكەت بويىچە مۇتتە-
هەم ئاتىلىپ ئاخىر خەلقئارالىق قەھرىمانغا ئايلاندى. ئۇ بۈگۈنكى
كۈندە پاركىنسون كېسىلى بولۇپ قېلىپ، يۈرۈش -
تۇرۇشى چەكلىمىگە ئۇچرىدى. ئۇ يەنىلا دۇنيادىكى ئەڭ ھۆرمەت-
لىك ئادەم.

كاشيوس كىلەي 1942 - يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى
لوئىزۋىلدا دۇنياغا كەلدى. ئۇ 12 ياش ۋاقتىدىن باشلاپ بوكس
ئۆگەندى. دۆلەتلىك ئېغىر دەرىجىلىكلەر لەۋھە تالىشىش مۇسا-
بىقىسىدە ئىككى قېتىم ئالتۇن قولقاپ مېدالىغا ئېرىشتى. ئامې-
رىكا دۆلەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە ھەۋەسكارلىرى بىر-
لەشمىسى ئۆتكۈزگەن دۆلەتلىك ئېغىر دەرىجىلىكلەر بوكس مۇسا-
بىقىسىدە چېمپىيون بولدى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈ-
رۈپ كۆپ ئۆتمەي، 1960 - يىلى رىمدا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك
تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئېغىر دەرىجىلىكلەر بويىچە بوكس
مۇسابىقە تۈرىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى.

كەسپىي ھاياتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، بويى 3 . 6 ئىنگ-
لىز چىسى، بەدەن ئېغىرلىقى 190 كىلوگرام كېلىدىغان كىلەيدە
ھازىرلانغان قول سۈرئىتىنىڭ تېزلىكىگە ھېچكىم ئىشەنمىگەند-
ى. توختىماي ئىلگىرىلەش داۋامىدا، ئۇ شىددەت بىلەن مۇشت
ئاتىدىغان بولدى، مۇشتىنىڭ تورى بار ئىدى. ئۇ مۇسابىقىلەردە
بېشىغا مۇشت تېگىپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ، قوللىرىنى سېلىپ
ئۇيان - بۇيان ماڭاتتى.

ئالدىراقسان بۇ ياش ماختىنىشنى ياخشى كۆرەتتى. تۇرۇپلا
ئەينەككە قاراپ چىرايىنى پۇرۇشتۇرەتتى. يەنە تۇرۇپلا ئۆزىنى
ئەڭ مۇنەۋۋەر بوكسچى ھەم ئەڭ كېلىشكەن ئادەم دەپ ھېسابلايت-
تى. ئۇ يەنە شۇ قېتىملىق مۇسابىقىدە رەقىبىنى يېڭىۋالىدىغان-
لىقىنى ئالدىن پەرەز قىلىپ «ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭىلىدۇ، بۇ
قېتىملىق مۇسابىقىدە ئۇلار پەرىزىمدىكىدەك يېڭىلىدۇ» دەيتتى.

بىر مەزگىلدىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ بوكسقا بولغان قىزىقىشى
پەسلەپ كەتتى. كاشيوس كىلەي بوكس ھەرىكىتىگە يېڭىچە ھاياتـ
لىق بەخش ئەتتى.

كىلەي بوكس ھەرىكىتىگە جۇشقۇنلۇق ئاتا قىلغان بولسىمۇ،
لېكىن بوكس ساھەسىدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى كىلەي ئېغىر
دەرىجىلىكلەر بويىچە چېمپىيون سوننى لىستوننى يېڭەلمەيدۇ دەپ
قارايتتى. 1964 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى مىئامى
ساھىلىدە ئۆتكۈزۈلگەن بوكس مۇسابىقىسى باشلىنىشتىن بۇ-
رۇن، 46 مۇخبىرنىڭ 43ى «لىستون يېڭىدۇ» دەپ پەرەز
قىلىشتى. ئەلىنى ھېچكىم كۆزگە ئىلمىغان بولسىمۇ، لىستون
يەتتىنچى مەيدان ئېلىشىشتا مۇرىسى زەخىملىنىپ مەيدانغا چۇ-
شەلمىدى.

ئەتىسى سەھەردە كىلەي ئىسلام دىنىغا كىردى. 2 ـ ئاينىڭ
6 ـ كۈنى مۇسۇلمانلار ئۆلىماسى رىيا مۇھەممەد رادىئودا سۆھـ
بەت ئېلان قىلىپ كاشيوس كىلەي دېگەن ئىسىمدا «ئۇلۇغلۇق»
كەملىكىنى، شۇڭا كىلەيگە «مۇھەممەد ئەلى» دەپ ئىسىم قويۇلـ
غانلىقىنى جاكارلىدى. «مۇھەممەد» دېگەن ئىسىم «مەدھىيىلەنـ
گۈچى» دېگەن مەنىدە، «ئەلى» دېگەن ئىسىم پەيغەمبەرنىڭ جىـ
يەن ئوغلىنىڭ ئىسمى ئىدى. جامائەتچىلىك ئېغىر دەرىجىلىكلەر
چېمپىيونى ئەلىنى «دىن توغرۇلۇق ۋەز ئېيتماسلىقى كېرەك
ئىدى» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئەلىنىڭ ئىناۋىتى چۈشۈپ كەتـ
تى.

ياردەم بېرىپ كېلىۋاتقان سودىگەرلەر ئەلىنىڭ لىستون بىـ
لەن مۇسابىقىلىشىشىنى خالىمىدى. نۇرغۇن داۋالغۇشلاردىن كېـ
يىن، 1965 ـ يىلى ماين شتاتى لوئىستوندا ئۆتكۈزۈلگەن مۇساـ
بىقىدە ئەلى لىستون بىلەن تۇتۇشتى. شۇ قېتىمـلىق مۇسابىقىنى
نـەچچە مىڭ ئـادەم كۆردى. بىرىنچى قېتىملىق ئېلىشىش ئاياغـ
لاشماي تۇرۇپلا، لىستون ئەلىنىڭ «تۇيۇقسىز تەگكەن مۇشتى»

دىن يىقىلدى. ئەلى شۇ قېتىملىق مۇسابىقىدە تالاش ـ تارتىشسىز غەلىبە قىلدى. ئاردىن ئالتە ئاي ئۆتۈپ كەتتى، ئەلى ئون ئىككى قېتىملىق ئېلىشىشتا مۇسابىقە ئاخىرلاشماي تۇرۇپ، ئالدىنقى نۆۋەتلىك لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولغان خرويىد پاتىسىننى شەپقەتسىز جازالىدى.

ئەلى 1967 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن تارتىپ يەتتە قېتىم چېمپىيون بولۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. لېكىن ئۇ ئۈچ يېرىم يىلدىن بۇياتقى ئەڭ ئاخىرقى بوكس مۇسابىقىسىدە تېخنىكىسىغا تايىنىپ زولە فورىلنى يەڭدى. بۈگۈنكى كۈندە ئەلىنىڭ رەقىبى سام تاغا. ئامېرىكىلىقلار ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ نامنى ئامېرىكىلىقلارمۇ ياخشى كۆرىدۇ. بۇ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە نام. 1812 ـ يىلى ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدا ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇش پارتلىدى. نيۇيورك شتاتى ترويە شەھىرىدىكى گۆش سودىگىرى سىمور ۋېلسون بۇيرۇقنا بىنائەن قوشۇننى ھەربىي تەمىنات بىلەن تەمىنلەيدۇ. ۋېلسون ھەربىيلەر تەمىناتىغا ئىشلىتىلىدىغان كالا گۆشى سېلىنغان باكىنىڭ ئۈستىگە «U. S» دەپ بەلگە سېلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ مۈلكى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ بەلگە ئۇنىڭ «Unele Sam» (سام تاغا) دېگەن لەقىمىنىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى بىلەن ئوخشاش چىقىپ قالىدۇ. كىشىلەر كالا گۆشى سېلىنغان باكلارنى سام تاغىنىڭ باكلىرى دەپ ھەزىل قىلىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن «Unele Sam» دېگەن نام ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ كەڭ تارقىلىپ كېتىدۇ. ئۇرۇش ئاياغلاشقان چاغدا، بۇ نام گېزىت ـ ژۇرناللاردا ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە پات ـ پات تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدۇ. ھەجۋىي رەسساملار رىۋايەت تۈسىنى ئالغان سام تاغىنى يۇلتۇزلار چۈشۈرۈلگەن ئېگىز كارتوز كىيگەن، ئۆچكە ساقال، ئاق چاچلىق ياداڭغۇ ھەم ھەزىلكەش بوۋاي سۈپىتىدە جانلىق تەسۋىرلەيدۇ. «سام تاغا» شۇنىڭدىن كېيىن

ئامېرىكىلىقلارنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ قالدۇ. بۇ نامنى ئاخىر ئامېرىكا ھۆكۈمىتىمۇ ئېتىراپ قىلدۇ. 1961 ـ يىلى پارلامېنت قارار ماقۇللاپ، «سام تاغا»نى «ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ سىمۋولى ۋە ئۆلگىسى» دەپ مەدھىيىلەيدۇ. بۇ رىۋايەتكە ئاخىر «ھۆكۈمەت تامغىسى» بېسىلدى. ھەربىيلەر ئەلىنى ئەسكەرلىككە چاقىرغان چاغدا، ئۇ ئەسكەرلىك ۋەزىپىسى ئۆتەشنى ۋىجدانەن رەت قىلىپ «ۋېيتنام كوممۇنىستلىرى بىلەن ئارىمىزدا ھېچقانداق ئارازلىق يوق» دەيدۇ. ئۇ 1966 ـ يىلى شۇنداق دېگەن.

1967 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى خيۇستوندىكى ھەربىيلىككە چاقىرتىلغان پونكىتقا ئۆز قەرەلىدە كەلگەن ئەلى بىرسىنىڭ ئۆز ئىسمىنى ئۈچ قېتىم ئاتىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇرمايدۇ. بىر كوماندىر ئاگاھلاندۇرۇپ: كوماندىرنىڭ ئىسمىنى ئاتىغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ يەنىلا ئورنىدىن تۇرمىسا، قوش جىنايەت ئۆتكۈزگەن دەپ ئەيىبلىنىپ 5 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقىنى، 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى جەرىمانە قويۇلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. ئەلى ئوخشاشلا ئىنكاس قايتۇرمايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن نيۇيورك شتاتلىق تەنھەرىكەت كومىتېتى ئۇنىڭ بوكس گۇۋاھنامىسىنى ئىناۋەتسىز قىلىۋەتتى. چېمپىيونلۇق دەرىجىسىنى ئېلىپ تاشلىدى. باشقا بوكسچىلار كومىتېتلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن يۇقىرىقىغا ئوخشاش قارارلارنى ماقۇللىدى.

ئىككى ئايدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن سوتتا، زاسېداتىللار 21 مىنۇت كېڭىشىپ ئاخىر ئەلىنى گۇناھكار دېگەن تونۇشقا كەلدى. سوت ئاخىرقى ھۆكۈمنى ئېلان قىلدى. ئەلى ئەرز قىلدى، لېكىن ئەسلىي ھۆكۈم ساقلاپ قېلىندى. بۇ دېلو ئاخىر ئامېرىكا ئالىي سوت مەھكىمىسىگە يوللاندى. شۇ مەزگىللەردە كىشىلەر ئۇرۇشقا قارشى چىققانىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن كىشىلەر

ئەلىنى قوللىدى.

ئالىي سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقىرىشتىن سەككىز ئاي ئىلگىرى ئەلى بوكس مەيدانىغا يەنە قايتىپ كەلدى. جورجىيە شتاتىدا بوكسچىلار كومىتېتى يوق ئىدى. ئەلى 1970 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئاتلانتادا ئۆتكۈزۈلگەن ئۈچىنچى قېتىملىق ئېلىشىشتا جىركۋالېنى يەڭدى. ئالتە ھەپتىدىن كېيىن، ئەلى نيۇيورك شتاتىدا ئوسكار بوناۋېرنا بىلەن ئون بەش قېتىم ئېلىشىپ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

1971 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، يېڭىلمەس دەپ نام ئالغان ئېغىر دەرىجىلىكلەر بوكس ماھىرلىرىدىن فېلزىر بىلەن ئەلى ئىككىيلەن مارېزون مەيدانى گۈللۈكىدە ئېلىشتى. كىشىلەر «ئەسىر جېڭى» دەپ ئاتىغان مۇسابىقە باشلاندى. ئىككىلىسى مەيدانىغا چۈشۈش ھەققى ئۈچۈن 2 مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئالغاندى. ئىككىسى رىتىملىك ھەم كەسكىن ئېلىشتى. فېلزىر تىز پۈكمەي قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەيتتى. ئەلى ئايلىنىپ يۈرۈپ ياندىن مۇشت ئېتىپ جاۋاب قايتۇراتتى. ئون بەشىنچى مەيدان ئېلىشىشتا فېلزىر سول تەرەپتىن ئۇشتۇمتۇت مۇشت ئېتىپ ئەلىنى يىقىتتى. ئاغرى ـ بۇرنى قانغا بويالغان فېلزىر چېمپىيونلۇق دەرىجىسىنى ئېلىپ ترېنېرى بىلەن بوكس مەيدانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئۈچ ئايدىن كېيىن، ئەلى چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى: ئامېرىكا ئالىي سوتى ئۇنىڭغا پايدىلىق ھۆكۈم چىقارغانىدى.

ئەلى فېلزىرغا يېڭىلىپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە ئون مەيدان مۇسابىقىدە ئۇتتى. كېيىن يەنە كېن بودۇن بىلەن مۇسابىقىگە چۈشۈپ ئون ئىككى قېتىم ئېلىشىپ ئۇنىڭغا ئۇتتۇرۇپ قويدى. كېن بودۇن ئەلىنىڭ ئېڭىكىنى ئېزىۋەتتى. ئەلى 1973 ـ يىلىدىن كېيىن نومۇسنى ئاقلاپ مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇردى. ئەلى بىلەن فېلزىر 1974 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ

28 - كۈنى ئىككىنچى قېتىم يەنە مۇسابىقىگە چۈشتى. شۇ قېتىملىق مۇسابىقە بىرىنچى قېتىملىق مۇسابىقىدەك ئېسىل بولمىسىمۇ، ھەقىقەتەن كۆرۈشكە ئەرزىگۈدەك مۇسابىقە بولدى. رېپىر ئەلىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، ئەلى فېلزىرنى يېڭىپ چېمپىيون بولغان جورجى فورمان بىلەن مۇسابىقىلىشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

كىشىلەرنىڭ: «نىكسون تەختتىن چۈشۈپ كەتسە پۈتۈن دۇنيا ھەيران قالىدۇ، دەپ ئويلامسىز؟» دېگەن سوئالىغا ئەلى: «ماڭا مەن جورجى فورماننى يەڭگەندىن كېيىن ھەيران قالساڭلارمۇ كېچىكمەيسىلەر» دەپ جاۋاب بەردى.

ئورمانلىق جېڭى زايىرنىڭ (ھازىرقى كونگو جۇمھۇرىيىتى) پايتەختى كىنشاسادا تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈلدى. تەييارلىقى پۇختا ئەلى ئارغامچىغا تايىنىش تاكتىكىسىنى قوللاندى. فورمان شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كەلگەندە، ئەلى قەدىمىنى سۆرەپ ئارغامچىغا يۆلىنىپ بېشىنى زەربىدىن ھىمايە قىلاتتى. سەككىزىنچى قېتىملىق ئېلىشىشتا ھېچقاچان يېڭىلىپ باقمىغان بۇ چېمپىيون ھېرىپ ھالىدىن كەتتى. ئەلى ئۇنى بىر مۇشت بىلەن يىقىتتى، ئەلى ئېغىر دەرىجىلىكلەر بويىچە قوش چېمپىيونلۇققا ئېرىشكەن ئىككىنچى ماھىر بولۇپ قالدى (بىرىنچىسى پاتىسىن).

ئەلى ئامېرىكىنىڭ بوكس چېمپىيونى بولدى. 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا خورلانغان بۇ تەنھەرىكەتچى 70 - يىللاردا كىشىلەر مەدھىيىلەيدىغان باتۇرغا ئايلاندى. 1967 - يىلى ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ ئاشكارا زەربىگە ئۇچرىغان كىشى 1974- يىلى تەكلىپكە بىنائەن ئاقسارايدا مېھمان بولدى.

فورماننى يېڭىپ ئون بىر ئايدىن كېيىن، ئەلى مانىلادا سېلىلا بىلەن تۇتۇشتى. ئالدىنقى بەش قېتىملىق ئېلىشىشتا ئەلى يەڭدى. ئارىلىقتىكى ئېلىشىشتا سېلىلا كەينى - كەينىدىن ھۇ-

جۇمغا ئۆتتى. ئاخىرقى بەش قېتىملىق ئېلىشىشتا، ئەلى ئۆزد-
نىڭ جەزمەن يېڭىدىغان ئىشەنچىنى ئىپادىلىدى. 13 - قېتىملىق
ئېلىشىشتا، ئەلى سېلىلانى ئۇرۇپ ھالىنى قويمىدى، سېلىلا
مۇشت زەربىسىدىن كۆكىرىپ، ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىنى
ئاچالماي قالدى. 14 - قېتىملىق ئېلىشىشتا، ئەلى توختىماي
ھۇجۇمغا ئۆتتى. 14 - قېتىملىق ئېلىشىش پۈشتىكى چېلىنغاند-
دا، سېلىلانىڭ ترېنېرى ئەيدى فوچ سېلىلانىڭ يېڭىلگەنلىكىنى
تەن ئالدى.

1978 - يىلى 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئەلى يەتتە قېتىم-
لىق مۇسابىقىدە كەسپىي ماھىرلا بولالىدى. 1976 - يىلى
ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئالتۇن مېدالغا
ئېرىشكەن لېئون سپىنكىس رېپىرلارنىڭ پىكرى بىرلىككە كەلمى-
گەن ئەھۋالدا غەلىبە قىلدى. ئۆزىگە تولىمۇ ئىشىنىپ كەتكەن
ئەلى چېمپىيونلۇقتىن ئايرىلىپ قالدى. ئارىدىن يەتتە ئاي ئۆت-
كەندىن كېيىن، ئەلى سپىنكىسنى يەڭدى، رېپىرلارنىڭ بىردەك
ماقۇللۇقى ئارقىلىق چېمپىيونلۇققا قايتا ئېرىشتى. ئۇ ئېغىر
دەرىجىلىكلەر بويىچە ئۈچ قېتىم بوكس چېمپىيونى بولغان ماھىر
بولدى. بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسى ئىدى.

ئىككىنچى يىلى 6 - ئايدا، ئەلى ئۆزىنىڭ چېكىنگەنلىكىنى
جاكارلىدى. لېكىن پۇل ئۇنى بوكس مەيدانىغا يەنە سۆرەپ كىر-
دى. ئاخىرقى ئىككى قېتىملىق مۇسابىقىدە، ئۇ لارى ھورموس
بىلەن تېررى بوبىكنى يەڭدى. ئەلى 56 دە 5 بولۇشتەك رېكورت
يارىتىپ سەپتىن مەڭگۈ چېكىندى.

ئەپسۇسكى، ئەلىدە مۇسابىقىلەردە تەگكەن مۇشتلارنىڭ
ئاسارىتى قالغانىدى. 1984 - يىلى، ئۇ ئۆزىنىڭ پاركىنسون
يىغىندى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدى، ئۇ
نېرۋا خاراكتېرلىك ئۇنىۋېرسال كېسەللىك ئىدى. پۇت - قول
تىترەپ، مۇسكۇللار قېتىپ ئادەمنىڭ گەپ - سۆزلىرى ھەم

يۈرۈش - تۇرۇشى نورمال بولمايتتى. بۇنداق ئادەملەر ئۆتمۈشتىكى ئەسلىملەر ئىچىدە ياشاپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئەلى خەير - ساخاۋەت ئىشلىرى يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇ بۇ ئىشلارنى «لوئىسۋېرنىڭ كالاچتەك ئاغزى» بىلەن ھەممە يەردە ماختىنىپ ئەمەس (ئەلى ئۆزىنىڭ رەقىبلىرىنى نەچچە قېتىم يېڭىپ مۇشۇنداق لەقەمگە ئېرىشىدىغانلىقىنى شېئىرلىرىدا پەرەز قىلغانىدى)، بەلكى تەبەسسۇم ئەكس ئەتكەن كۆزلىرى ئارقىلىق قىلدى.

1996 - يىلى ئاتلانتادا ئۆتكۈزۈلگەن يازلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە ئەلى يەنە بىر قېتىم ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان نۇقتىغا ئايلاندى. ئۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئولىمپىكنىڭ مۇقەددەس ئوتىنى تۇتاشتۇرۇپ، كىشىلەرگە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ باشلانغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. نۇرغۇن كىشىلەر كۆزلىرىگە ياش ئالدى. چۈنكى ئەلى بۇگۈنكى كۈندە كۆپچىلىك بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ھەم ئىناق - ئېجىللىقنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ئىدى. ئۇنىڭ دىنىي ئېتىقادى دۆلەتنى بىر مەزگىل بۆلۈۋەتكەنمۇ بولدى.

# ئومۇمىي ماھارەت باتۇرى سوپۇ

دېم سوپۇ يەرلىك ئامېرىكىلىق. فرانسۇز بىلەن ئېرلاندىيە-لىك قېنىدىن بولغان. ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئومۇمىي ماھا-رەت تەنھەرىكەتچىسى دەپ تونۇلغان. زاماندالىرىدىن راۋۇرۇس ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۇ بۇ شان - شەرەپكە تامامەن مۇناسىپ. 1912 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھە-رىكەت مۇسابىقىسىدە، ئۇ مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن ئومۇمىي ماھارەت بويىچە بەش تۈردە ۋە ئون تۈردە چېمپىيون بولۇپ، بۇ ئىككى تۈردە دۇنياۋى رېكورت ياراتتى. مۇكاپات تارقىتىش مۇرا-سىمىدا شۋېتسىيە پادىشاھى سويۇغا: «ئەپەندى، سىز دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ تەنھەرىكەتچى» دېدى.

سوپۇنىڭ ئىندىئانچە ئىسمى «ۋاسوھاك»، بۇ «يورۇقلۇق يولى» دېگەن مەنىدە. ئۇ ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن كەل-گەن. ئادەتتە كۆپ گەپ قىلمايدۇ. ياۋروپالىقلار ئامېرىكىغا كېلىشتىن ئىلگىرى نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇ يەردە ياشىغان. ئۇلارنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدە ياشاپ كېلىۋاتقىنىغا نەچچە مىڭ يىل بولغان. ئەينى چاغدا كولومبو ئىسىملىك بىر كاپىتان ئىس-پانىيە ئايال پادىشاھى ئۇچۇن خۇش پۇراق ماتېرىياللارنى سېتىۋې-لىش مەقسىتىدە ھىندىستانغا بارىدىغان يولنى ئىزدەپ سەپەرگە چىققان. 1492 - يىلى، ئۇ مۇشۇ چوڭ قۇرۇقلۇقنى ھىندىستان دەپ بىلگەن. ئۇ يەرلىك ئاھالىلەرنى «ئىندىئانلار» دەپ ئاتىغان. كىشىلەر شۇنىڭدىن بۇيان مۇشۇ نامنى قوللىنىپ كەلمەكتە. بۈگۈنكى كۈندە، كىشىلەر ئامېرىكىغا ئەڭ بالدۇر كەلگەن ئىندى-ئانلارنى ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالىدىن كەلگەن دەپ قارىماقتا.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن جۇڭگولۇقنىڭ يىلتىزى بىر بولۇشى مۇمكىن. ئىندىئانلارنىڭ چىرايى ئاسىيادىكى ئەڭ دەسلەپكى موڭغۇللارنىڭ چىرايىغا بەك ئوخشايدۇ. كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇلار بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىل ئاۋۋال ئامېرىكا قىتئەسىگە كەلگەن.

ئامېرىكا خەرىتىسى بىلەن جۇڭگو خەرىتىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئاساسەن ئوخشاش. ئامېرىكىلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى دېڭىز بويى رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان. جۇڭگولۇقلارمۇ شۇنداق. ئامېرىكىنىڭ شەرقىي قىسمى تىنچ ئوكيانغا، غەربىي قىسمى ئاتلانتىك ئوكيانغا قاراپ تۇرىدۇ. ئوتتۇرا قىسمىغا دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بىلەن مال فېرمىلىرى جايلاشقان. ئوتتۇرا قىسمىنىڭ بەزى رايونلىرىدا ھېلىمۇ ئاھالە شالاڭ. ئېگىز تاغلار، قۇملۇقلار بىلەن قاپلانغان. سۇ مەنبەسى مول ئەمەس.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىندىئانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئامېرىكىنىڭ غەربىي رايونلىرىدا ئىدى. ھۆكۈمەت بۇ يەرلەردە ئۇلار ئۈچۈن نۇرغۇن يەر قالدۇردى. بۇ رايونلارنىڭ «قالدۇرۇق يەر» ئىكەنلىكى نۇرغۇن كىشىلەرگە مەلۇم. دېم سوپۇ 1888 - يىلى ئوكلاخوما شتاتىغا قاراشلىق بىر پارچە قالدۇرۇق زېمىندا دۇنياغا كەلدى. ئۇ ساك فوكىس قەبىلىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى.

سوپۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قولۇم - قوشنىلىرىغا ئوخشاش ناھايىتى غورىبەتچىلىكتە ياشايتتى. ئۇلار كۆممىقوناق بىلەن كۆكتات تېرىيتتى. سوپۇ ئەپەندى ئوۋغا چىققان كۈنلىرى ئۇلارنىڭ داستىخىنىدا ئاز - تولا گۆش پەيدا بولاتتى. ئۇ بۇنىڭدىن باشقا ئات فېرمىلىرىدا ئاساۋ ئاتلارنى كۆندۈرۈپ ئازراق كىرىم قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئائىلىسىدىكىلەر ئاچ - توق قالمايتتى. لېكىن ئۇلارنى باياشات دېگىلى بولمايتتى. ئۇلار ياغاچ قورۇلمىلىق ئىككى ئېغىز ئۆيدە ئولتۇراتتى.

1888 - يىلى 5 - ئايدا، مۇشۇ كىچىك ياغاچ ئۆيدە سوپۇ خانىم كۆز يورۇپ قوشكېزەك پەرزەنت كۆردى. بۇ قوشكېزەك باللارغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا جاموس (دېم) ۋە چارلىز (چارلى) دەپ ئىسىم قويۇلدى. بۇ ئىككى ئوغۇل پەرزەنتنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۇلارغا خۇشاللىقتىن دېرەك بەردى. بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى، قوشكېزەك بوۋاقلارنىڭ ئانىسىنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ساك فوكىس قەبىلىسى ئاقساقاللىقىغا سايلانغانىدى. ئۇنىڭ ئىسمى بولەيك خوك ئىدى. بولەيك خوك باتۇر ھەم ئەقىللىق، ئىناۋىتى يۇقىرى ئاتامان ئىدى. قوشكېزەك بوۋاقلارنىڭ ئانىسى «ئۇلۇغ بوۋىسى بولەيك خوكنىڭ روھى قوشكېزەك بوۋاقلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكسى ئەتتى» دەپ ئويلايتتى. ئۇ: «بۇ قوشكېزەكلەرنىڭ قولىدىن چوڭ ئىشلار كېلىدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇردۇ» دەيتتى. قوشكېزەكلەرنىڭ ئاتىسىمۇ: «راست، مېنىڭچىمۇ ئۇلار ھامان بىر كۈنى قەيسەر، ئەقىللىق ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەردىن بولىدۇ» دەيتتى.

چارلىز بىلەن جاموس دۇنياغا كەلگەن كۈندىن تارتىپ بىر - بىرىدىن ئايرىلماي چوڭ بولدى. ئۇ ئىككىسى ئاكا - ئىنى بولۇپلا قالماي يەنە ئەڭ يېقىن دوستلاردىن ئىدى. بىر قېتىم، ئۇلار ئۈچ ياشقا كىرگەن يىلى ئۇلارنىڭ بىرى سۈت قاچىلايدىغان ساپال كومزەكنى چېقىۋەتتى. چېقىلغان كومزەكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆيگە ئېتىلىپ كىرگەن سوپۇ خانىم ئۇلاردىن كومزەكنى قايسىسىنىڭ چېقىۋەتكەنلىكىنى سورىدى. لېكىن ئاكا - ئىنى ئىككىسى بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى. ئانىسى: «قايسىڭلار چاقتىڭلار، دېمىسەڭلار ھەر ئىككىڭلار جازاغا تارتىلىسىلەر» دېدى. ئاكا - ئىنى ئىككىسى يەنىلا زۇۋان سۈرمىدى. نەتىجىدە، ئىككىلىسى جازاغا تارتىلدى.

ئانىسى ئۇلارغا ساۋاقنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ: «ئۇكاڭنىڭ ئەسكى ئىش قىلىشىغا يول قويساڭ، سەنمۇ

جازادىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن» دېدى. خېلىلا ئىش ئۇقۇپ قال-غان بۇ بالىلار ساۋاقنى قوبۇل قىلدى. ئاتا - ئانىسىغا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەيدىغان بولۇشتى. ئۇلار يىراق يەرلەرگە بېرىپ ئوينايتتى، شۇنىڭدا ئانىسىنىڭ كۆزىدىن نېرىراق بولاتتى.

ئۇلار ئۈچ ياشقا تولغان چاغدىن باشلاپ ئاتىسىدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئاتىسى قاۋۇل تەنھەرىكەتچىلەردەك تەن ساپاسىغا ئىگە ئادەم ئىدى. ئۇلارنىڭمۇ ئاتىسىغا ئوخشاش ئادەم بولغۇسى كېلەتتى. ئاتىسى بالىلىرىغا ئاتقا ئىندىغانلاردەك ياياق مىنىشنى، ئەپچىل ئوقيا ياساپ بېرىپ، ساداقنى قانداق تارتىشنى، ئوقنى قانداق ئۈزۈشنى ئۆگەتتى. ئاتىسى يەنە ئۇلارغا ساداق تارتىش ئارقىلىق بىلەكنىڭ كۈچىنى ئاشۇرغىلى، سەۋرچانلىقنى يېتىلدۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ۋە كۆزنىڭ روشەن، قولنىڭ چېۋەرلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار بەزىدە داستىخاننى موللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئوۋغا چىقىپ ئۇزۇن ۋاقىت ھەپىلىشىپ ئۇششاق جانىۋارلارنى ئوۋلاپ كېلەتتى. دېم ئوقيا ئېتىشتا ئۇكىسى بىلەن بەسلىشىشكە خۇشتار ئىدى. ئۇ ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ھېرىسمەن ئىدى.

بىر كۈنلۈك ئەمگەكتىن كېيىن، قولۇم - قوشنىلار ئۇلارنىڭ ئۆيىگە يىغىلىشاتتى. ئاياللار بىر ياقتا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئەرلەر ئۆزىنىڭ كۈچىنى ۋە ھەرىكەت سۈرئىتىنى سىناپ تۇرلۇك ئويۇنلارنى ئوينايتتى. بۇ ئىندىئانلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى ئىدى. چوڭلار بالىلار ئارىسىدىكى مۇسابىقىلەردىن شەرەپ ھېس قىلىشاتتى. قەبىلە ئارىسىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچى ھەمىشە كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولاتتى. ئۇلاردا يۈگۈرۈش، چېلىشىش، يىراققا سەكرەش، ئېگىزگە سەكرەش ۋە نەيزە ئېتىش مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلەتتى. ھاۋا ئىسسىق كۈنلىرى، ھەتتا سۇ ئۈزۈش مۇسابىقىسىمۇ بولۇپ تۇراتتى.

ئاكا ـ ئىنى ئىككىسى ئاتىسىدىن پەخىرلىنەتتى. ئاتىسى شۇ يەردە ئەڭ مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچى ئىدى. دىمىنىڭ دىيىشىچە، ئاتىسى ئۇدا نەچچە كۈن پىيادە ياكى ئاتلىق يۈرسىمۇ ۋە ياكى يۈگۈرسىمۇ قىلچە ھارغىنلىق ھېس قىلمايدىكەن. ئاتا ـ ئانىسى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بالىلىرى بىلەن بىللە بولاتتى. بالىلار مەك- تەپ يېشىغا توشتى. بۇ دىم ۋە ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭ تەخمىنەن 25 ئىنگلىز چاقىرىم يىراقلىقتىكى ياتاقلىق مەكتەپكە بېرىشىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇلارنىڭ بىر يىل ئىچىدىكى كۆپ ۋاقتى مەك- تەپتە ئۆتتى.

دىمىنىڭ مەكتەپتە ياتقۇسى يوق ئىدى، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنى ۋە دالىدىكى ئەركىن پائالىيەتلەرنى بەك سېغىناتتى. ئۇكىسى چارلىنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئىكەنلىكىدىنلا خۇش بولاتتى. ئۇلار بىللە ئۆگىنىش قىلاتتى، بىللە ئوينايتتى، چارلى دىمىنىڭ مەك- تەپتىكى ئەڭ چوڭ خۇشاللىقى ئىدى. ئۇنى خۇشال قىلغان يەنە بىر ئىش — ئۇ تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. ئۇ يېشى ئەڭ كىچىك ھەم ئەڭ مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

ئىككىنچى يىلى ئەھۋال كۆپ ياخشى بولۇپ كەتتى. دىمىنىڭ دوستلىرى كۆپەيدى، ئۇلار دىمىنىڭ ئەمەس، بەلكى چارلىنىڭ دوستلىرى ئىدى. چارلى خۇشخۇي، كۈلۈپلا يۈرىدىغان بالا ئى- دى. دىم چارلىغا قارىغاندا جىمغۇر، ناتونۇش بالىلار بىلەن ئانچە پاراڭلىشىپ كەتمەيدىغان بالا ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ تەنھەرى- كەتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەكتەپتە ئوبدانلا ئىناۋىتى بار ئىدى.

ئاكا ـ ئىنى ئىككىسى تەتىلنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ئۇلار تەتىلدە كۈن بويى ئوينىيالايتتى. ئۇلار ئەمدى سەككىز ياشقا تولغانىدى. ئاتىسى ئۇلارنى ئوۋغا بىللە ئاپىرىدىغان بولغانىدى. ئۇلار كارىۋاتتا پىچىرلىشىپ يېتىپ، ئاتىسى بىلەن بىللە خەتەرلىك پائالىيەتلەرگە قاتنىششقا ئىنتىلەتتى.

بىراق، خەتەرلىك پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش مەڭگۈ مۇمكىن بولماي قالدى. ئۆپكە كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ قالغان چارلىنىڭ ئۆپكىسى ئېغىر ياللۇغلانغان ھەم ئۆزىمۇ بەك ئاجىزلاپ كەتكەندى. ئۇ چاغلاردا بۇنداق كېسەلگە داۋا يوق ئىدى. مۇشۇ كېسەل بىلەن ئادەملەر پات ـ پاتلا قازا قىلىپ كېتەتتى. چارلىمۇ قازا قىلىپ كەتتى. بۇ بەختسىزلىك ئىدى. دېم چوڭقۇر قايغۇغا دۇچار بولدى! بىر بالا ئۈچۈن بۇ قورقۇنچلۇق ئازاب ئىدى. ئۇ دائىم دېگۈدەك ئۇدا نەچچە سائەت ماڭاتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا ھەمىشە ھەسرەت ئەكس ئېتەتتى.

مەكتەپكە قايتىش دېم ئۈچۈن ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىش ئىدى. ئۇ ئادەتتە گەپ قىلىشنى خالىمايتتى. ئەمدى ھېچكىم بىلەن پاراڭلاشماس بولدى. ئۇ بىر كۈنى مەكتەپتىن چىقىپ، توختىماي مېڭىپ مەكتەپتىن 25 ئىنگلىز چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئۆيىگە كەلدى. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى. مەيلى قەيەردە بولسۇن، دېمنىڭ ئۇكىسىنى سېغىنىدىغانلىقىنى ئاتا ـ ئانىسى بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئوقۇمىسا، تەربىيە ئالمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەتىسى، ئاتىسى بىلەن بىللە 25 ئىنگلىز چاقىرىم يول يۈرۈپ مەكتىپىگە كەلدى. شۇ قېتىملىق سەپەردە دېم كۆپ مەنپەئەتكە ئېرىشتى. ئاتىسى يول بويى دېم بىلەن پاراڭلاشتى. ئاتىسى دېمغا قەبىلە تارىخى ھەم مۇشۇ زېمىنىنىڭ تارىخى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى. دېم ئەتراپتىكى ياۋايى ھايۋانلار توغرۇلۇق نۇرغۇن چۈشەنچىگە ئىگە بولدى. ئاتىسى دېمغا ئۇنىڭ ھازىر ئائىلىسىگە ۋە ئۆز قەبىلىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى جەزمەن ئۆزىدىن پەخىرلىنىدىغان قىلىشى ھەم بۇنى يادىدا چىڭ تۇتۇشى كېرەكلىكىنى دېدى. دېم شۇ يىلى بوش ۋاقىتلاردىمۇ مەكتەپتىن بىرقەدەم ئايرىلمىدى.

سوپۇ كالەير ئىندىئانلار مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردى. ئۇ شۇ

مەكتەپنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ھەم داڭلىق زەيتۇن توپ ئارقا مۇداپىئەچىسى بولدى، ئۇ 1911 ـ يىلىدىن 1912 ـ يىلىغىچە ئۇدا ئىككى يىل پۈتكۈل ئامېرىكا بويىچە ئەڭ داڭلىق زەيتۇن توپ تەنھەرىكەتچىسى بولۇپ باھالاندى. سوپۇ 24 ياش ۋاقتىدا، ئامېرىكىنىڭ دۆلەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەتچىلىرى قاتارىدا پاراخوت بىلەن بېلگىيىگە بېرىپ، 1912 ـ يىلى بېلگىيىنىڭ ئانتۋېرپىن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى، ئۇ ئوكياننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈش سەپىرىدە، پاراخوتتا مەشىقنى توختاتمىدى. ئۇ بۇ جەھەتتە باشقا تەنھەرىكەتچىلەرگە ئوخشىمايتتى. سوپۇ ئومۇمىي ماھارەت بويىچە بەش تۈردە ھەم ئون تۈردە غەلىبە قىلىپ، دۇنياۋى رېكورت ياراتتى. بۇ رېكورتنى نەچچە ئون يىل ساقلاپ كەلدى، ئۇنى ھېچكىم يېڭەلمىدى. بېلگىيە پادىشاھى گوستاف ئىككى قېتىملىق مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمىدا ئۇنىڭغا ئالتۇن مېدال بەردى.

1913 ـ يىلى، سوپۇنىڭ پەسىللەر ئارا ئۆتكۈزۈلىدىغان كالتەك توپ مۇسابىقىسىگە يېرىم كەسپىي تەنھەرىكەتچى سۈپىتى بىلەن ئىككى قېتىم قاتناشقانلىقى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە ياراتقان شانلىق ئۇتۇقلىرىغا تەسىر يەتتى. ھەق ئېلىپ كەسپىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان ئولىمپىك ماھىرلىرىغا قارىتا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ بەلگىسى قاتتىق ئىدى (ماھىرلارنىڭ غەيرىي كەسپىي ماھىر بولۇشى، ماھىرلارنىڭ مۇسابىقىگە مەنپەئەت ۋە مۇكاپاتنى دەپ ئەمەس، بەلكى زوقمەنلىك ۋە قىزىقىش يۈزىسىدىن قاتنىشىشى تەلەپ قىلىناتتى. قەدىمىي يۇنانلىقلار ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە ھەۋەسكارلارنىڭ ۋە غەيرىي كەسپىي ماھىرلارنىڭ قاتنىشىشىنى تەكىتلەيتتى). سوپۇ ئۆزىنىڭ مۇسابىقىگە ھەقنى دەپ ئەمەس، بەلكى ھەۋەسكار بولۇش سالاھىيىتى بىلەن قاتناشقانلىقىنى ئېيتتى.

لېكىن ئۇنىڭ مەسىلىسى كېڭەيتىۋېتىلدى. ئولىمپىك كومىتېتى سوپۇ كالتەك توپ ئويناپ قويۇپ يېنىك ئاتلېتىكا تۈرلىرىدە قازانغان نەتىجىلىرىگە پايدىسىز تەسىر يەتكۈزگەن دەپ قارىدى. ئولىمپىك كومىتېتى ئۇنىڭ ئىسمىنى دۇنياۋى رېكورت ياراتقانلا-رنىڭ تىزىملىكىدىن چىقىرىۋەتتى. ئالتۇن مېدالىمۇ مۇسادىرە قىلىندى.

ئولىمپىك كومىتېتىدىن كەلگەن رىيازەتلەرنى بېشىدىن ئۆت-كۈزگەن سوپۇ داۋاملىق تىرىشتى. ئۇ توختام تۈزۈپ نيۇيورك گىگانت ئادەم كالتەك توپ كوماندىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. سوپۇ نيۇيورك گىگانت ئادەم كوماندىسىدا مەيدان سىرتى ماھىرى بولۇپ پەسىللەر ئارا مۇسابىقىدىن كېيىن باشقا كوماندىغا يۆتكە-لىپ كەتتى. ئۇ 1917 ـ يىلى سىنسىناتى قىزىل ئادەم كوماندى-سىدا بولدى ۋە بۇ كوماندىدا 77 مەيدان مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئۇ ئاخىر يەنە گىگانت ئادەم كوماندىسىغا قايتىپ كېلىپ، 26 مەيدان مۇسابىقىگە چۈشتى. ئۇ 1919 ـ يىلى پوتىسدام قىزىل پاياپاقلىقلار كوماندىسىغا ۋەكىل بولۇپ چوڭ تىپتىكى كالتەك توپ مۇسابىقىسىگە قاتناشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كالتەك توپ ھاياتى ئاياغلاشتى.

كۆپىنچە ۋاقىتلىرى كالتەك توپ ئويناش بىلەن ئۆتكەن بولسىمۇ، سوپۇ يەنىلا زەيتۇن توپ مۇسابىقىلىرىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىدى. ئۇ 1915 ـ يىلىدىن 1920 ـ يىلىغىچە ئوھيو كالا باشلىق زەيتۇن توپ كوماندىسى ئۈچۈن، 1921 ـ يىلى ئىندىئانا شتاتىدىكى كىلىفوران كوماندىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. ئۇ كېيىنكى يىللاردا ئاۋلان ئىندىئانلار كوماندىسىنى تەشكىللىدى. بۇ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىندىئانلاردىن تەشكىل تاپقان كەسپىي زەيتۇن توپ جەمئىيىتى ئىدى. بۇ كوماندىدا سوپۇ ھەم ترېنېر ھەم تەنھەرىكەتچى بولدى. ئۇ بۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكا زەيتۇن توپ بىرلەشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەملىشىپ، ئۆزى ئاخىر

شۇ بىرلەشمىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۆتىدى. سوپۇ كەسپىي زەيتۇن توپ ئىشلىرى بىلەن ئۆتكەن ھاياتىدا جەمئىي ئالتە كوماندىدا خىزمەت قىلدى. ئۇ 1929 ـ يىلى چىكاگو قىزىل قۇشقاچ كوماندىسى بىلەن تۈزگەن توختامىنىڭ ۋاقتى توشقاندىن كېيىن كەسپىي تەنھەرىكەت ھاياتىنى ئاياغلاشتۇردى.

سوپۇنىڭ تەنھەرىكەت ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىنكى كۈنلىرى مول مەزمۇن ئىچىدە ئۆتتى. ئۇ ۋاقىتلىق ئاكتىيور بولدى. چىكاگو باغ ـ ئورمان سىستېمىسىدىكى كۆڭۈل ئېچىش مۇئەسسەسەلىرىنى باشقۇردى. ئىندىئانلار ئىشلىرىغا قاتناشتى. ئۇ ئاشكارا نۇتۇق سۆزلىدى. ئىندىئانلاردىن تەركىپ تاپقان «دېمى سوپۇش» نامىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئانسامبىلىغا رەھبەرلىك قىلدى. ئامېرىكا سودا ترانسپورت پاراخوت ئەترىتى سوپۇنىڭ مەزكۇر ئەترەتكە قاتناشقانلىقىدىن شەرەپ ھېس قىلىشتى. سوپۇ شۇ چاغدا 58 ياشقا كىرگەنىدى.

1950 ـ يىلى، ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقى سوپۇغا «ئامېرىكىلىق ئەڭ ئۇلۇغ زەيتۇن توپ تەنھەرىكەتچىسى»، «پۈتكۈل دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئەر تەنھەرىكەتچى» دېگەن ئىككى كاتتا شان ـ شەرەپنى بەردى.

سوپۇ 1953 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى يۈرەك كېسىلى تۇپەيلى ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ ئۇلۇغ تەنھەرىكەتچىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن «نيۇيورك ۋاقتى گېزىتى» پۈتۈن بىر بەت خەۋەر بەردى. خەۋەردە «سوپۇ ئەڭ ئۇلۇغ دۇنياۋى تەنھەرىكەت ماھىرى»، «ئۇنىڭدا ئەڭ مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلەرگە خاس كۈچ، سۈرئەت، ماسلىشىشچانلىق ۋە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان سەۋر ـ تاقەت يېتىلگەن. ئەرزىمەس غەيرىي كەسپىي مەسىلىگە سەل قارىلىپ ستوكھولمدا ئالغان ئالتۇن مېداللىرى ئايرىلىپ قېلىش ئازابى ئۇنىڭ تەنھەرىكەت بىلەن ئۆتكەن ھاياتىنى كۆڭۈلسىز قىسمەتلەرگە دۇچار قىلدى. بۇ سەۋەنلىك جەزمەن

تۆزىتىلىشى كېرەك. ئۇ زامانىمىزدىكى ئەڭ ئۇلۇغ تولۇق ماھا-
رەت تەنھەرىكەتچىسى بولۇش سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ قەلبىدە مەڭ-
گۈ ياد ئېتىلىدۇ» دېيىلدى. مۇسادىرە قىلىنغان ئالتۇن مېداللار
1982 - يىلى سوپۇغا قايتۇرۇلدى. تېخىمۇ مۇھىم ئىش شۇكى،
ئۇنىڭ ئىسمى دۇنياۋى رېكورت ياراتقان كىشىلەرنىڭ تىزىملىكى-
گە قايتىدىن كىرگۈزۈلدى.

1950 - يىلى، ئامېرىكا ئاخبارات ۋاستىلىرى دېم سوپۇنى 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 50 يىلى ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچى دەپ سايلىدى؛ 1996 - يىلى ۋە 2001 - يىلى، ئامېرىكا رادىئو شىركىتى سوپۇغا «20 - ئەسىردىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر تەنتەربىيە تەنھەرىكەتچىسى» دېگەن نامنى بەردى.

# ئۆزى ئۇستىدىن غالىب كېلىش — دۇنياۋى تەلۋە «قارا بۆكەن» لودورف

يېقىنقى يىللاردا ئامېرىكىدا مەيدانغا كەلگەن گەيئېر دېفوس (ئايال قىسقا ئارىلىقتا يۈگۈرۈش ماھىرى. ئۇ 1992 - يىلى بارسېلونادا، 1996 - يىلى ئاتلانتادا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە 100 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە ئالتۇن مې-دالغا ئېرىشكەن؛ 1993 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا لەۋھە تالا-شىش مۇسابىقىسىدە 100 مېتىرغا يۈگۈرۈش ۋە 100 مېتىرغا توساق ئاتلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە ئالتۇن مېدال ئالغان؛ 1995 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە توساق ئاتلاپ يۈگۈرۈشتە يەنە چېمپىيون بولغان. ئاخبارات ۋاسى-تىلىرى ئۇنى «مەڭگۈ ئۇمىدسىزلەنمەيدىغان سۆسۈن كېپىنەك» دەپ تەرىپلىگەن). فلورېنىس گىلفوس جوئېينا (مەشھۇر قىسقا ئارىلىقتا يۈگۈرۈش تەنھەرىكەتچىسى. ئۇ 100 مېتىرلىق مۇساپى-نى 49 .10 سېكۇنتتا، 200 مېتىرلىق مۇساپىنى 34 .21 سې-كۇنتتا تۈگىتىپ دۇنياۋى رېكورتنى بۇزۇپ تاشلىغان. بۇ رې-كورتنى ھازىرغىچە ھېچكىم بۇزۇپ تاشلىيالمىدى. جوئېينا 20-ئەسىردە «دۇنياۋى ئۇچار ئايال» دەپ نام ئالغان. ئۇ 1989 - يىلى 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى 38 يېشىدا يۈرەك كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى) ۋە مارىئان كيوس (جوئېينادىن كېيىن مەيدانغا چىققان ھەم دۇنيا يېنىك ئاتلېتىكا ساھەسىدە قەھرىمان دەپ نام ئالغان ئۇچار ئايال. ئۇنىڭ ئاساسلىق نەتىجىلىرى تۆۋەندىكى-دەك: ئۇ 1997 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن لەۋھە تالىشىش مۇسابىقى-سىدە ئاياللارنىڭ 100 مېتىرلىق يۈگۈرۈش تۈرىدە چېمپىيون

بولغان؛ 1999 ـ يىلى سېۋىلىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە ئاياللارنىڭ 100 مېتىرغا يۈگۈرۈش تۈرىدە چېمپىيون، يىراققا سەكرەش تۈرىدە ئۈچىنچى بولغان؛ 2000 ـ يىلى سىدنېيدا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئاياللارنىڭ 100 مېتىرغا، 200 مېتىرغا ۋە 100×4 مېتىرغا كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش تۈرىدە چېمپىيونلۇققا، ئاياللارنىڭ يىراققا سەكرەش تۈرىدە ئۈچىنچىلىككە ئېرىشكەن؛ 2002 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا لوڭقىسى مۇسابىقىسىدە ئاياللارنىڭ 100 مېتىرغا يۈگۈرۈش تۈرىدە چېمپىيون بولغان). ئۇلارنىڭ ھەممىسى 20 ياشلىق ۋېرما لودورفنىڭ ياراتقان ئاجايىپ نەتىجىلىرىگە رەھمەت ئېيتسا بولىدۇ. لودورفنىڭ 1960 ـ يىلى رىمدا ئۆتكۈزۈلگەن يازلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە كۆرسەتكەن تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىپادىسى ئولىمپىك تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ مۇكەممەل ئىسپاتى ئىدى. لودورف بىر نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە تۇنجى قېتىم ئۈچ ئالتۇن مېدال ئالغان ئايال يۈگۈرۈش ماھىرى. ئۇ رىمدا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە 100 مېتىرغا، 200 مېتىرغا ۋە 100×4 مېتىرغا كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش تۈرلىرىگە قاتناشتى. ئۇ 100 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە يېرىم ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدە مۇساپىنى 11.3 سېكۇنتتا تاماملاپ دۇنياۋى چېمپىيون بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى بولغۇچىدىن ئۈچ مېتىر ھالقىپ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولدى. ئۇ ئۈچ كۈندىن كېيىن، 200 مېتىرغا يۈگۈرۈپ ئـوڭايلا چـېمپىيون بولدى. لـودورف ئاخىردا 100×4 مېتىرغا كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدە ئاخىرقى ماھىر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئامېرىكا كوماندىسىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، 44.4 سېكۇنت نەتىجە بىلەن دۇنياۋى رېكورت ياراتتى. ئۇ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدە ئالتۇن مېدالنىڭ ئۈچىنچىسىنى ئالدى. ئۇنىڭ قەدىمى ناھايىتى تېز،

قىياپىتىمۇ چىرايلىق ئىدى. ياۋروپادىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى ئۇنىڭغا «قارا بۆكەن» دەپ لەقەم قويىدى. ياندۇرقى يىلى، لودورف 100 مېتىرلىق دۇنيا رېكورتىغا تەڭلىشىپ تۆت كۈندىن كېيىن، 2.11 سېكۇنت نەتىجە بىلەن دۇنيا رېكورتىنى يېڭىلىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە ئامېرىكا كوماندىسىغا يېتەكچىلىك قىلىپ كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈشتە دۇنياۋى رېكورتنى بۇزۇپ تاشلىدى.

ۋېرما لودورفنىڭ بەدەن سايپاسى ياخشى. بويى 5.11 ئىنگلىزچىسى، بەدەن ئېغىرلىقى 130 فوت. مېڭىش سۈرئىتى شامالدەك تېز. 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى ۋە 60 - يىللارنىڭ باشلىرى ۋېرمانىڭ يۈگۈرۈش ھالىتىنى كۆرگەنلى كەلگەن تاماشىبىنلار بىر - بىرىنى: «كۆزۈڭنى ھەرگىز چىمچىقلاتما، بولمىسا ۋېرمانىڭ يۈگۈرگەن چاغدىكى ھالىتىنى كۆرەلمەي ھەسرەتتە قالىسەن» دەپ ئاگاھلاندۇراتتى.

ياۋروپالىق مۇخبىرلار ئۇنى «بۆكەن» دەپ چاقىراتتى. ئۇ ئادەتتىمۇ ئاجايىپ چىرايلىق ماڭاتتى. ئۇ جەزبىلىك، زېرەك ھەم لېۋەن قىز ئىدى. ئۇ ئۆزىگە پايدىسىز گەپلەرگە قۇلاق سالمايتتى. ئامېرىكىلىقلار ئەڭ ئېپتىخارلىنىدىغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت ماھىرى بولۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

1962 - يىلى سەپتىن چېكىنىش بىلەن ئۇنىڭ كەسپىي ھاياتى ئاخىرلاشتى. ئۇ كېيىن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ترېنېرلىققا بېرىلىپ كەتتى. نامراتلارنىڭ بالىلىرى بىلەن بىللە مەشىق قىلاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇ 54 يېشىدا مېڭە ئۆسمىسى كېسىلى تۈپەيلى ئالەمدىن ئۆتتى.

لودورف ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە (1956 - يىلى، ئۇ 16 ياش ۋاقتىدا موربىندا ئۆتكۈزۈلگەن كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈشتە مىس مېدالغا ئېرىشكەن) كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. لېكىن، مۇشۇنداق بولالىشى توغرىسىدىكى ھېكايە

ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى رىۋايەتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى.
لودورف بالدۇر تۇغۇلۇپ قالغان. ئۇ 1940 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق تۈزۈمى ئاستىدىكى تېننېسسى شتاتىدىكى سەھرادا دۇنياغا كەلگەن. تۇغۇلغان چاغدا ئۇنىڭ ئېغىرلىقى 4.5 فوت ئىدى. ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرى ئاساسەن كارىۋاتتا ئۆتتى. لودورف ئالتە ياشقا تولغان چاغدا ئۆپكە كېسىلى ۋە سكارلاتىنا تۇپەيلى راخىت كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. سول پۇتىنىڭ بۇلجۇڭ گۆشى يىگىلەپ كەتكەنلىكتىن ماڭالمايتتى. پەقەت تۆمۈر جازىغا بېكىتىلگەن ئاياغ بىلەن ماڭالايتتى. تاكى سەككىز ياشقا كىرگۈچە ئۇنىڭ مېڭىشى ئوڭشالمىدى.
«مېنىڭ كۆپ ۋاقتىم قانداق قىلسام مۇشۇ تۆمۈر ئاياغدىن قۇتۇلارمەن دېگەن خىيال بىلەن ئۆتكەنىدى، — دەيدۇ لودورف، — ناۋادا سىز ئىناق چوڭ ئائىلىدە تۇغۇلسىڭىز، هامان بىر ئامال قىلىپ نىشانىڭىزغا يېتەلەيسىز.»
لودورف نامرات ئائىلىدە چوڭ بولدى. ئاتىسى ئەيدى (ئۇ ئىككى قېتىم ئۆيلەنگەنىدى) 22 بالىنىڭ 20 ـنچىسى ئىدى. لودورف ئاتا بىر ئانا باشقا قېرىنداشلىرى بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇپ باقمىدى. ئۇ كەپسىزلىك قىلىپ پۇتىدىكى تۆمۈر ئاياغنى سېلىشقا تەمشەلگەندە، بىر تالاي ئاكا ۋە ئاچىلىرى ئۇنىڭغا «كۆز ـ قۇلاق» بولاتتى.
ئاكا ۋە ئاچىلىرى ئۇنىڭ مېيىپ پۇتىنى هەركۈنى نۆۋەتلىشىپ ئۇۋۇلايتتى. ئۆيدە ئانىسى رانچ خوجايىن ئىدى. ئانىسى ئۇنى هەر هەپتىدە بىر قېتىم ناشۋېردىكى دوختۇرخانىغا ئاپىراتتى. بېرىش ـ كېلىشتە 90 ئىنگلىز چاقىرىم يول مېڭىشقا توغرا كېلەتتى.
ئۇزۇن يىللىق داۋالىنىش ئارقىلىق لودورفنىڭ «نورمال بالىلار» دەك بولۇش ئىرادىسى كۈچىنى كۆرسەتتى. كۆك يۆتەل

بولغان، قىزىل ۋە سۇ چېچەكلى چىققان بولسىمۇ، لودورف 9 ياشقا تولغاندا تۆمۈر ئاياغتىن قۇتۇلۇپ ئاخىر كۆزگە كۆرۈنگەن ۋاسكېتبول چولپىنىغا ئايلاندى.

لودورف 11 ياشقا تولغان چاغلىرىدا ئاكىلىرى ھويلىسىغا بىر گار ئورناتتى. «ئۇنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشى، — دەيدۇ ئانىسى، — ۋاسكېتبول، ۋاسكېتبول بىلەن ئۆتتى.»

غەيرىي ئامېرىكىلىقلار ئوقۇيدىغان بورتېر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە لودورف قىزلار ۋاسكېتبول كوماندىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ترېنېرى گېل ئۇنىڭغا «پاشا» دەپ لەقەم قويدى. «ئۇ پاكار، لېكىن سۈرئىتى بەك تېز، ھەمىشە يولۇمنى توسۇۋالاتتى» دەيدۇ گېل.

لودورف پۇتكول شتات بويىچە ئەڭ ماھىر تەنھەرىكەتچى بولدى. بىر مەيدان مۇسابىقىدە 49 نومۇرغا ئېرىشىپ، شتات رېكورتىنى ياراتتى. كېيىن، ئۇنىڭغا ئەيدى تامپورنىڭ كۆزى چۈشتى.

تېننېسسى شتاتىنىڭ ترېنېرى تامپور گېلغا قىزلار يېنىك ئاتلېتىكا كوماندىسى قۇرۇشنى تاپشۇردى. شۇنىڭدا كوماندا ئەزا-لىرىنىڭ ئىچىدىن ئەڭ ماھىر قىسقا ئارىلىققا يۈگۈرۈش ماھىر-لىرىنى يېتىلدۈرگىلى بولاتتى. ۋېرما لودورف شۇلارنىڭ ئىچىدى-كى بىرسى ئىدى.

لودورف تۇغۇلۇشىدىنلا يۈگۈرۈشكە يارىتىلغان ماتېرىيال ئىدى. بۇنى ھەتتا ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. «نېمىشقا شۇنداق تېز يۈگۈرەيدىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، — دەيتتى ئۇ، — مەن پەقەت كۈچۈمنىڭ بېرىچە يۈگۈرەيمەن.»

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا، لودورف تامپور مەشقلەندۈرۈپ كېلىۋاتقان ئالىي مەكتەپ مەشىق ئەترىتى-گە قاتنىشىشنى بەكمۇ خالايتتى. تامپور كوماندا ئەزالىرىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتاتتى. بۇ ئۇنىڭ تۆھپىسى ئىدى. ئۇ تېننېسسى

شتاتىنىڭ سوتسىئولوگىيە پەنلىرى پروفېسسورى ھەم خالىس ترېنېرى ئىدى. ئۇ كوماندا ئەزالىرىنى ئۆزى ھەيدەپ بارغان ماشىنىسىغا سېلىپ، مەكتەپنىڭ ھېچقانداق بەلگە يوق، يۈگۈ-رۈش يولى ئېگىز - پەس ھەم توپىلىق يېنىك ئاتلېتىكا مەيدانىغا ئەكېلەتتى. يۈگۈرۈش يولىغا سىزىقلارنى تامپور ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ سىزدۇرغانىدى.

تامپور تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان ئادەم ئىدى. قىزلارنىڭ بىرەرسى بىرەر مىنۇت كېچىكىپ قالسا، مەيداننى بىر قېتىم ئارتۇق ئايلىنىپ يۈگۈرەيتتى. لودورف بىر قېتىم 30 مىنۇت كېچىكىپ قالدى - دە، مەيداننى ئۈچ قېتىم ئارتۇق ئايلىنىپ يۈگۈردى. ئەتىسى لودورف يېنىك ئاتلېتىكا مەيدانىغا 30 مىنۇت بالدۇر كەلدى.

تامپور بىردەك ئىتتىپاقلاشقان كوماندا روھىغا ھېرىسمەن ئىدى. لودورف نام چىقارغاندىن كېيىن، مۇكاپات تارقىتىش سۇپىسىدا تۇرۇپ كۆچ ئۆلاپ يۈگۈرۈش تۈرىدە ئۆزىدىن باشقا يەنە ئۈچەيلەننىڭ ئالتۇن مېدال ئالغانلىقىنى مۇخبىرلارنىڭ يادىغا سالغانىدى. تامپور يېتەكچىلىكىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابى-قىسىگە قاتناشقان بۇ كوماندا ئەزالىرى ئاساسەن تېنىسى شتاتى كۆچ ئۆلاپ يۈگۈرۈش كوماندىسىدىن كەلگەنىدى.

لودورف ئۆز كوماندىسىدىكىلەرنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆچ ئۆلاپ يۈگۈرۈش تۈرىنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلى-قىنى دەيتتى، چۈنكى ئۇ كوماندىنىڭ باشقا ئەزالىرى بىلەن مۇكاپات تارقىتىش سۇپىسىدا بىللە تۇرالايتتى. شۇنداقتىمۇ ئىتا-لىيە ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە يېنىك ئاتلېتىكا ھەۋەسكارلىرى ھېچنېمىگە قارىماي ئۇلىشىۋېلىپ، ئۇنى «قارا مەرۋايىت»، «قارا بۆكەن» دېيىشتى.

ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، يېنىك ئاتلېتىكا كوماندىسى گرېتسىيە، ئەنگلىيە، گوللاندىيە ۋە

گېرمانىيىگە بېرىپ مۇسابىقىگە چۈشتى. چۈنكى لودورف جەزبىلىك ھەم گۈزەل بولغاچقا، يېنىك ئاتلېتىكا ھەۋەسكارلىرى ئۇ چۈشكەن مۇسابىقىنى كۆرۈشنى خالايتتى. «تەنتەربىيە رەسىملىك ژۇرنىلى» غا بېسىلغان خەۋەرگە قارىغاندا، كىيولىندا ئاتلىق ساقچىلار ئۇنىڭ چوقۇنغۇچىلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇشقا مەجبۇر بولغان، بېرلىندا تەلۋىلەشكەنلەر ئۇنىڭ ئايىغىنى ئوغرىلاپ كەتكەن. ئۇ ئولتۇرغان ئاممىۋى ئاپتوبۇسنى قورشىۋېلىپ، لودورف قول ئىشارىتى ئارقىلىق مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرگۈچە ئاپتوبۇسنى مۇشتلاپ توختىمىغان.

«ئۇنىڭ دۆلەتكە قوشقان ھەسسىسىگە كۆپلىگەن دۆلەتلەر جاۋاب قايتۇردى» دېگەندى تامپور.

لودورف دۆلەتنىڭ ئوبرازىنى يۇقىرى كۆتۈردى، ئۇ مۇلايىم، يۇرۇش - تۇرۇشى سىپايە ئىدى. ئۇ كېيىنكى غەيرىي ئامېرىكىلىق ئەر - ئايال يېنىك ئاتلېتىكا ماھىرلىرى ئۈچۈن يول ھازىرلىدى.

لودورف رىمدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تېننېسسى شتاتىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلانغان «كونا ئىرقىي ئايرىمىچى» بوفود ئىيلىندون لودورفنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزمەكچى بولدى. لېكىن لودورف مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى ئايرىمىچىلىق پائالىيىتىگە قاتناشمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

لودورفنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن يىغىلىش ۋە زىياپەتلەر ئۇنىڭ يۇرتى — كلاسكۋېردا ئۆتكۈزۈلگەن ئىرقىي ئايرىمىچىلىق بولمىغان بىر قېتىملىق ئىجتىمائىي پائالىيەت بولدى.

لودورف غەيرىي ئامېرىكىلىق ياش ئايال تەنھەرىكەتچىلەرنى بەكرەك رىغبەتلەندۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى فلورېنىس گىلفوس جۇئېينا داڭ چىقاردى. ئۇ بىر قېتىملىق ئولىمپىك

تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى (1988 ـ يىل) دە ئۈچ ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى.

«شۇ كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم، — دېگەندى لودورف، — شۇ كۆرۈنۈشنى كۆرەلمەيمەن دەپ ئويلىغانىدىم. فلورېنس گىلفوس جوئېينا ھەربىر قېتىم يۈگۈرگەندە، مەنمۇ يۈگۈرەيتتىم.»

جوئېينانىڭ ئېرى ترېنېر باۋبو كېش لودورفنىڭ ئۆزى بىلىدىغان غەيرىي ئامېرىكىلىق ئايال تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئارىسىدىكى تەسىرى ئەڭ چوڭ تەنھەرىكەتچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. لودورفنىڭ تەسىرىگە ئەڭ چوڭقۇر ئۇچرىغان جوئېينا: «ئۇ مەڭگۈ مېنىڭ قەلبىمدە» دېگەندى. ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئالتە ئالتۇن مېدال ئالغان جوئېينا يەنە: «ناۋادا ئاۋارىچىلىككە يولۇقۇپ قالسام، ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈلۈك ھەمراھىم بىلەن سۆزلەشكەندەك سۆزلىشەتتىم» دېگەندى.

لودورف ئولىمپىك تەنھەرىكەت ماھىرلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى غەيرىي ئامېرىكىلىق تەنھەرىكەت ماھىرلىرىنىمۇ تەسىرلەندۈردى. ئۇنىڭ تۆت بالىسى بار ئىدى. ئۇ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى ئاياغلاشقان كۈنلەردە، ئىندىئانا شتاتى دېپورگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ترېنېرلىقىنى ئۆتىدى. بۇنىڭدىن باشقا غەربىي ئافرىقىدا خەير ـ ساخاۋەت ئەلچىسى بولدى.

ئۇ «ۋېرما لودورف فوندى» قۇرغانلىقىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ نەتىجىسى دەپ قارىدى. ئۇ پايدا كىرمەيدىغان تەنتەربىيە ھەۋەسكارلىرى تەشكىلاتى ئىدى.

«مەن ئۇلارغا ئۆزىنى بىلىش ھەم ئۆزىگە ئىشىنىش ئەڭ مۇھىم دەپ كەلدىم، — دەيدۇ ئۇ، — كۈرەش قىلماي تۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ تۇراتتىم.»

تۇرلۇك شان ـ شەرەپلەر ئۇنىڭغا توختىماي نېسىپ بولۇپ

كەلدى. ئۇ 1973 - يىلى مەشھۇر قارا تەنلىك تەنھەرىكەتچىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. 1974 - يىلى دۆلەتلىك مەشھۇر يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەتچىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. دۆلەتلىك رادىئو ئىستانسىسى ئۇنىڭ تەرجىمىھالىغا دائىر ئەسەر «ۋېرما» غا ئاساسەن ئۇنىڭ هاياتى تەسۋىرلەنگەن كىنو ئىشلىدى.

لودورق 1994 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى 54 يېشىدا مېڭە ئۆسمىسى كېسىلى بىلەن ناشۋېردا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ سالماق ھەم سالاپەتلىك ئوبرازى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدى. 1960 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە لودورق بىلەن بىر كوماندىدا تۇرغان بىر مالكىن: «ئۇ چىرايلىق، سالاپەتلىك ھەم ئەڭ مۇنەۋۋەر ئىدى» دېدى.

# ئۈچىنچى باب ئولىمپىك ئوبرازىنىڭ تەرەققىياتى

## ئولىمپىك ۋە سەنئەت

### رېفىن ستار ۋە ئۇنىڭ «ئولىمپىيە» ناملىق فىلىمى

«ئۇ سەنئەتتە تالانت ئىگىسى ئىدى، لېكىن سىياسىي ئىشلاردا ھەقىقەتەن دۆت ئىدى» دېگەنىدى كىنو تارىخچىسى رىيائېن ئولېر. لەينىي رېفىن ستار 1902 ـ يىلى 8 ـ ئايدا دۆلەتمەن بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ چوقۇندۇرۇلغان چاغدىكى ئىسمى گرونىي بوتا ئامالىيە ئىدى. لەينىينىڭ ئاتىسى تۇرۇبا ئۇسكۇنىلىرى قۇرۇلۇش شىركىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان ئادەم ئىدى. ئۇ قىزىنىڭ ئۆز كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، سودا ساھەسىگە قەدەم قويۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. لېكىن، لەينىينىڭ ئانىسى قىزىنى كىنو ساھەسىدە ناھايىتى ياخشى ئىستىقبالى بار دەپ قارايتتى. لەينىي 8 ياشقا تولغاندا، بېرلىندىكى رۇسچە ئۇسسۇل مەكتىپىگە كىردى. ئۇ ناھايىتى تېزلا شۇ مەكتەپنىڭ چولپىنىغا ئايلاندى. كېيىن بېرلىندىكى سەييارە ئۇسسۇل ماھارىتى كۆرسىتىش داۋامىدا بىردىنلا داڭ قازىنىپ، كىنو ساھەسىگە قەدەم قويدى. ئۇ ئارىئوۋانك توغرىسىدا بىر يۈرۈش كىنو ئىشلىدى. گىئورگى ۋېلىيام پېربوستىر بىلەن بىللە ئىشلىگەن «پېزبارونىڭ ئاق دوزىخى» ناملىق فىلىمى بىلەن ئۇ چەت ئەللەردىمۇ شۆھرەت قازاندى، گىئورگى ۋېلىيام پېربوستىر كىنو رېژىسسورى، ئۇ 1885 ـ يىلى بوگونكى چېخىيە

چېگرىسىدىكى ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1967 ـ يىلى ۋېنادا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق فىلىملىرىدىن: «غەمكىن كوچا»، «چۈشكۈن قىزنىڭ خاتىرى-سى»، «ۋاندورانىڭ گۆھەر قۇتىسى»، «1918 ـ يىلىدىكى غەربىي لىنىيە»، «ئۈچ تىيىنلىك ئوپېرا»، «يولداشلار ئارا دوستلۇق»، «ئاتلانتىس»، «دونكىخوت»، «ھۆكۈم»، «گېت-لېرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى» قاتارلىقلار بار.

رېفىن ستار 1932 ـ يىلى «كۆك نۇر» ناملىق فىلىمنى ئۆزى مۇستەقىل ئىشلىدى. بۇ فىلىم ۋېنتسىيە كىنو بايرىمىدا كۈمۈش مۇكاپاتقا ئېرىشتى. رېفىن ستار بۇ فىلىمدە تاغ ئارىسى-دىكى نۇرانە ئۆڭكۈردىكى سەھرالىق قىزنىڭ قوغدىغۇچىسى رو-لىغا چىقتى. بۇ فىلىم گېتلېرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. گېتلېر 1933 ـ يىلى 1 ـ ئايدا گېرمانىيىنىڭ زۇڭلىيلىقىغا تەيىنلەنگەن-دىن كېيىن، رېفىن ستارنى دۆلەت سوتسىيالىستلار پارتىيىسى-نىڭ كىنو مۇتەخەسسىسلىكىگە تەيىنلىدى.

لەيني رېفىن ستار ئادولف گېتلېرنىڭ ناتسىستلار گېرما-نىيىسىدە تېخىمۇ شۆھرەت تاپتى. ئۇ ناتسىستلار گېرمانىيىسى-نىڭ ئەڭ مەشھۇر كىنو رېژىسسورى دەپ ئاتالدى. ئايالىلار ئىك-كىنچى دەرىجىلىك گراژدان سانىلىدىغان دۆلەتتە رېفىن ستار گېتلېرنىڭ بارلىق كۈچى بىلەن قوللىشىغا مۇيەسسەر بولدى، ئۇ ناتسىستلار ھۆكۈمىتى ئۈچۈن تەشۋىقات ئىشلىدى. ئېيتىشلار-غا قارىغاندا، گېتلېر رېفىن ستار ياراتقان «كۆك نۇر» ناملىق فىلىمدىكى ئوبرازنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر گېرمانىيە ئاياللىرىنىڭ ئىنچام كۆرۈنۈشى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن.

رېفىن ستار 1933 ـ يىلى ئەينى يىللاردىكى ناتسىستلار يىغىلىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قىسقا فىلىمنى ئىشلىدى. گېتلېر ئۇنى 1934 ـ يىلىدىكى يىغىلىش ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان فىلىمنى ئالاھىدە ئىشلەشكە بۇيرۇدى. «ئىرادىنىڭ غەلىبىسى»

ناملىق بۇ فىلىم ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر كىنو ئەسەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بۇ فىلىم ناتسىستلار گېرمانىيىسى بىلەن فاشىستلار ئىتالىيىسىدە كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئەپسۇس، 1937 ـ يىلى پارىژدا ئالتۇن ھەيكەل مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولدى. بۇ بىر مەسخىرىلىك ئىش ئىدى. بۇ فىلىمدە قوللىنىلغان سۈرەتكە ئېلىش تېخنىكىسى كىشىلەر ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان. غۇۋا كۆرۈنۈشلەر بىلەن ئوچۇق كـۆرۈنۈشلەر كـۆپ ئىـشلىتىلىپ، ئادەمگە نىسبەتەن كۈچلۈك تەسىر شەكىللەندۈرۈلگەن. ئوپېراتورلار بەزى كۆرۈنۈشلەرنى مۇزدەك ئاياغ كىيىپ سۈرەتكە ئالغانمىش.

رېفىن ستارنىڭ قولىدىن چىققان يەنە بىر مۇھىم ئىش شۇكى، ئۇ 1936 ـ يىلى بېرلىندا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ فىلىمىنى ئىشلىدى. «ئولىمپىيە» ناملىق بۇ فىلىم نۇرغۇن خەلقئارالىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن «مۇقەددەس تاغ» ناملىق بىر فىلىم ئىشلىدى. لەينىي رېفىن ستار بۇ فىلىمدە قەھرىمان سىگان قىزنىڭ رولىغا چىقتى. ئۇ فىلىم ئىشلەش ئۇچۇن گېرمانىيىدىن فرانك رەھبەرلىكىدىكى ئىسپانىيىگە باردى. «ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى» ئاخىرلاشقاندا، شۇ چاغقىچە قولدىن چىقىپ بولالمىغان بۇ فىلىم رېفىن ستار غەيرىي ناتسىستلار سوتىدا سوراق قىلىنغۇاتقان چاغدا مۇسادىرە قىلىندى. رېفىن ستارنىڭ نۇرغۇن مەسىلىلىرىنى ئۇرۇشتىن كېيىن ئېنىقلاشقا توغرا كەلدى.

رېفىن ستار ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ جارچىسى دەپ ئەيىبلەندى. لېكىن ئۇ بۇ قاراشلارنى رەت قىلدى. رېفىن ستار «ئىرادىنىڭ غەلىبىسى» ۋە «ئولىمپىيە» قاتارلىق فىلىملارنى ئۆزىنىڭ كىنو شىركىتى مۇستەقىل ئىشلىگەنلىكىنى، شىركىتىنىڭ ناتسىستلارنىڭ قولچومىقى ئەمەسلىكىنى، ئۆزىنىڭ ناتسىستلار پارتىيىسىگە كىرمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

ناتسىستلارنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا رېفىن ستارغا دۈشمەنلىك قىلىدىغان ئادەم بار ئىدى. ئۇ جوزېف گېبېلىس ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆندىلىك خاتىرىسىگە گېتلېرنىڭ دىققىتىنى تارتىشتا رېفىن ستارنىڭ ئۆزىگە رىقابەتچى بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق يازغانىدى. ئۇ گېتلېرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەچكە ئۆز ئىختىيارى بىلەن فىلىم ئىشلىيەلەيتتى. بۇنى گېبېلىس قوبۇل قىلالمايتتى.

ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، رېفىن ستار قولغا ئېلىندى، ئۇ نېرۋا كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىدا بىر مەزگىل تۇردى. 1945 - يىلى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ھېچقانداق ئەيىبلەشكە ئۇچرىمىدى. بىراق، ئۇ فىلىم ئىشلەش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى. ئىشلىگەن فىلىملىرى گېرمانىيىدە مەنئى قىلىندى.

رېفىن ستار ئۆزى سۆيگەن كىنوچىلىق ساھەسىگە ئاخىر قايتىپ كەلدى ۋە فىلىم ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ يۈز ياشتىن ئاشقان بىردىنبىر فىلىم تارقىتىش خادىمى بولۇپ قالدى. «سۇ ئاستىدىكى تەسىرات» ناملىق فىلىمى ئۇنىڭ ئالدىنقى 30 يىل ئىچىدە ئۆزى كىرىشتۈرگەن ھەم تاماملىغان فىلىم ئىدى.

«ئۆلۈم مېنى قورقۇتالمايدۇ، مەن ناھايىتى كۆپ ئوڭۇشسىزلىقلارنى باشتىن كەچۈردۈم. ماڭا مۇشۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك» 97 ياشلىق رېفىن ستار شۇنداق دېگەنىدى.

## «ئولىمپىيە» ناملىق فىلىم توغرىسىدا

بۇ فىلىم ئىككى سېرىيىلىك فىلىم. بىرىنچى سېرىيە ئولىمپىك تارىخىدىن باشلىنىپ، بۇ قەدىمىي تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ ئولىمپىيە شەھىرىنىڭ ئەنئەنىسى ئىكەنلىكى بايان قىلىنىش

بىلەن تۈگەيدۇ، ئىككىنچى سېرىيىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇ-
سابىقىسىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا تۈرلىرى بايان قىلىنىدۇ.

«ئولىمپىيە» ناملىق فىلىمنى كىشىلەر ھۆججەتلىك فىلىم
دەپ قارىدى. لېكىن ئۆلچەم جەھەتتىن بۇ فىلىم ھۆججەتلىك
فىلىم ئۆلچىمىدىن كۆپ ھالقىپ كەتكەن. چۈنكى بۇ فىلىم شۇ
چاغدا نۇرغۇن تىپىك ھۆججەتلىك فىلىملەر ھازىرلىمىغان ئالاھى-
دىلىكلەرنى ئۆزىدە ھازىرلىدى، بولۇپمۇ كىرىشتۈرۈش ۋە تەقلى-
دىي ئاۋاز جەھەتتە، رېفىن ستارنىڭ يۇقىرى كىرىشتۈرۈش ماھا-
رىتى ئارقىلىق كىشىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالغان دەقىقىلەر
گەۋدىلىك ئىپادىلەندى ۋە ئوخشاش بولمىغان تەنھەرىكەت تۈرلىرى
ئارىلىقتا قىستۇرۇلدى. رېفىن ستار ئۆزىگە پىششىق تونۇشلۇق
بولغان ئۇسسۇل ئارقىلىق مۇزىكا بىلەن چۈشەندۈرگۈچىنىڭ سۆ-
زىنى فىلىمغا يۇغۇرۇۋەتتى. ئۇ مەشھۇر كىنو مۇزىكىلىرى كوم-
پوزىتورى ھېربوت ۋېندېرىنىڭ مۇزىكىلىرىنى كۆرۈنۈشلەرگە
بىرلەشتۈرۈپ، فىلىمدە ئاۋاز بىلەن كۆرۈنۈشلەرنىڭ ماس قەدەم-
دە بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشتى. شۇ
دەۋرلەردە ھەرىكەتچان كۆرۈنۈشكە ھەرقانداق بىر ئاۋازنى كىرىش-
تۈرۈش بەكمۇ تەس ئىدى. ئەمما بۇ ئىشنى رېفىن ستار ۋايىغا
يەتكۈزۈپ ئورۇندىدى. بۇنىڭدىن گېرمانىيىلىك ۋە چەت ئەللىك
ئوبزورچىلار ھەيران بولۇشتى. كىنوچىلىق تېخنىكىسىدا يارد-
تىلغان بۇ يېڭىلىق ئۇنى كىنوچىلىق ساھەسىدىكى ھۆرمەتكە
سازاۋەر ئەربابلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا نائىل قىلدى. كىشىلەر
بۈگۈنكى كۈندە «ئولىمپىيە» ناملىق بۇ فىلىمنى كۆرسە، ئۆزىنى
1936- يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك مۇسابىقىسى مەيدانىدا تۇ-
رۇۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن «ئولىمپىيە» دىن ئىل-
گىرى ئىشلەنگەن ھۆججەتلىك فىلىملەر ئۆز جۇلاسىنى يوقاتتى.

# شى چۆەنكۆن ۋە ئۇنىڭ «ئولىمپىك توكيودا» ناملىق فىلىمى

شى چۆەنكۆننىڭ 1964 ـ يىلى توكيودا ئۆتكۆزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى توغرىسىدا ئىشلىگەن «ئولىمپىك توكيودا» ناملىق فىلىمى تارىختىن بۇيانقى ئەڭ مۇنەۋۋەر تەنتەربىيە فىلىمى بولۇپلا قالماي، بەلكى تارىختىن بۇيانقى ئەڭ مۇنەۋۋەر ھۆججەتلىك فىلىم. شى چۆەنكۆن بىرىنچى دەرىجىلىك كىنو سەنئەتكارى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن فىلىم ئارقىلىق كىشىلەرگە ئۆلار ئىنتىزار بولغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى بەردى، بولۇپمۇ فىلىمدىكى شېئىر بىلەن سەنئەت كىشىلەرنى ئاجايىپ قايىل قىلدى.

فىلىمنىڭ بېشىدا زامانىمىزدىكى ئولىمپىك ھەرىكىتىنىڭ تارىخى تەپسىلىي بايان قىلىنىپ، ئاندىن مۇھىم نۇقتا تېزلا توكيودا ئۆتكۆزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە يۆتكىلىدۇ. ياپونىيە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ئۇزۇندىن بۇيان قاتناشماي كەلگەنىدى. ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 1964 ـ يىلى توكيودا ئۆتكۆزۈلدى. «ئولىمپىك توكيودا» ناملىق فىلىمدا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە ئولىمپىك ماھىرلىرى تەسۋىرلىنىش بىلەن بىللە توكيو شەھىرىمۇ تونۇشتۇرۇلدى.

شى چۆەنكۆن «ئولىمپىك توكيودا» ناملىق فىلىمنى ياپونىيە ئولىمپىك كومىتېتى ئەزالىرىغا، ياپونىيە ھۆكۈمەت تەركىبىدىكىلەرگە ۋە خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا سۇنغاندا، تالاش ـ تارتىش يۈز بەردى. بۇ فىلىم ياپونىيە سىياسىي ساھەسىـ

دىكىلەرنىڭ مۇددىئاسى بويىچە ئىشلەنمىگەنىدى. فىلىمدە ياپونىيە تەنتەربىيە ئۆمىكى، ئۇرۇشتىن كېيىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ئۇل مۇئەسسەسە ۋە ئىقتىسادقا مۇناسىۋەتلىك تەشۋىقات مۇھىم نۇقتا قىلىنمىغانىدى. ئۇلار شۇڭا بەك خاپا بولۇشتى. بۇ فىلىمنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، سەنئەتلىك ئىشلەشكە كۆچ سەرپ قىلىنىپ، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى توغرىسىدىكى بىۋاستە كۆرۈنۈشلەرگە ئورۇن ئاز بېرىلگەنىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن ياپونىيە سىياسىي ساھەسىدىكىلەر بۇ فىلىمدىن رازى بولمىدى. ئۇلار بەزى كۆرۈنۈشلەرنى باشقىدىن تارتىش ھەققىدە شى چۇەنكۇنگە تەلەپ قويىدى. لېكىن ئۇ ئارتىسلارنىڭ تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى باھانە قىلىپ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى.

بۇ ھۆججەتلىك فىلىمدە ياپونىيە ئاياللار ۋالىبول كوماندىسىنىڭ شانلىق ئۇتۇقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇزۇن كۆرۈنۈش قىستۇرۇلغاندىن باشقا، ياپونىيە تەنتەربىيە ئۆمىكىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى نۇقتىلىق ئىپادىلەنمىگەنىدى. فىلىمدە روداۋچە چېلىشىشتا ئالتۇن مېدال ئالغان گوللاندىيىلىك ماھىرغا ناھايىتى كۆپ كۆرۈنۈش بېرىلىپ، روداۋچە چېلىشىشنىڭ باشقا تۈرلىرىدە ئالتۇن مېدال ئالغان ياپونىيە ماھىرلىرى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلمىدى. شۇ يىلى، ياپونىيىلىكلەر يېنىك ئاتلېتىكا تۈرىدە غايەت زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. بىراق، ھۆججەتلىك فىلىمدە ياپونىيىلىك يېنىك ئاتلېتىكا ماھىرلىرى ئەمەس، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا ماھىرلىرى بەكرەك گەۋدىلەندۈرۈلگەنىدى. ياپونىيە دۆلەتلىك تەنتەربىيە ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىدە ئىپادىسى ھەقىقەتەن ياخشى بولغانىدى. ئەمما ئىلگىرىكى ئولىمپىك مۇسابىقىلىرىگە قارىغاندا، بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ياپونىيە تەنھەرىكەتچىلىرى ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولغان ــ بولمىغانلىقىنى كىشىلەر فىلىمدىن ھېس قىلالمايتتى.

بۇ فىلىمدە تارىخىي رېكورت يارىتىلغان تەنتەربىيە تۈرلىرى تونۇشتۇرۇلمىدى. «ئولىمپىك توكيودا» ناملىق بۇ فىلىمدە مۇكاپاتلاش توغرىسىدىكى كۆرۈنۈشلەر ئاندا ـ ساندا. شى چۇەنكۇن «بۇ تۈردە كىم يەڭدى»، «ئۇ تۈردە كىم ئالتۇن مېدال ئالدى» بولارغا قىزىقمىدى. ئەمەلىيەتتە، شى چۇەنكۇن سۈرەتكە ئالغان بۇ فىلىمدە 1964 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە مۇناسىۋەتلىك بىر مۇنچە ئىشلار ۋە داڭلىق تەنھەرىكەتچىلەر تىلغا ئېلىنمىغانىدى. كىشىلەر بىر قىسىم تەنھەرىكەت تۈرلىرىنى مونتاژ شەكلىدىكى ئۇن ـ سىن ئارقىلىق ھېس قىلالايتتى. يەنە بىر قىسىم تەنھەرىكەت تۈرلىرى ئاساسلىق كۆرۈنۈش سۈپىتىدە بېۋاستە كۆرسىتىلمىدى. مەسىلەن، «ئولىمپىك توكيودا» ناملىق بۇ فىلىمدە شى چۇەنكۇن بەدەن ھالىتى ئىنتايىن نەپىس ئەتكەن دەپ قارىغان يېنىك ئاتلېتىكا تۈرلىرىنىڭ بىر قىسىم كۆرۈنۈشلىرى كۆرسىتىلدى. بۇ كۆرۈنۈشلەردىن كىشىلەر تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئارىسىدىن بىرەيلەننىڭ ئالتۇن مېدال ئالغانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلالايتتى.

بۇ رېژىسسور ئاددىي ھەرىكەتلەردىن يۇمۇرلۇق كۆرۈنۈشلەرنى تېپىشقا ئامراق ئىدى. تەنتەربىيە سارىيىغا ئەكىرىپ قويۇلغان كەپتەرلەر تاماشىبىنلار بىلەن ماھىرلارنى پاراكەندە قىلىۋەتتى. بۇ ئېچىلىش مۇراسىمىدا يۈز بەرگەن ئىش ئىدى. رېژىسسور تېلېكامېرانى بەدەن قىزىتىش ھەرىكىتى قىلىۋاتقان ماھىرلارغا قاراتتى. ماھىرلارنىڭ بەزىلىرى كېرىلىۋاتقان، بەزىلىرى پۇتلىرىنى بېسىۋاتقان ۋە بەزىلىرى موللاق ئېتىۋاتقان ھالەتتە ئىدى. تاپىنىنى يەردىن توختىماي كۆتۈرۈپ، كاسىسىلىرىنى تولغاپ، يورغىلاپ كېتىۋاتقان ماھىرلار ناھايىتى كالامپاي كۆرۈنەتتى.

كىشىلەر فىلىمدىن ئىنسان ماھىيىتى توغرىسىدىكى تەسىرلىك ھېكايىلەرنى سېزىۋالالايدۇ. مەسىلەن، 22 ياشلىق قىسقا ئارىلىققا يۈگۈرۈش ماھىرى. ئۇ چاد ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى ئىك-

كى تەنھەرىكەتچىنىڭ بىرى. مۇستەقىل بولغىنىغا ئەمدىلا تۆت يىل بولغان دۆلىتىگە نىسبەتەن ئۇ خېلىلا چوڭ ئادەم ئىدى. شى چۇەنكۇن تېلېكامىرانى بۇ قىسقا ئارىلىقتا يۈگۈرۈش ماھىرىغا قارىتىپ، تەنھەرىكەتچىلەر ئاشخانىسىدا بىر چەتتە بويىنىنى قىدىسىپ تاماق يەۋاتقان بۇ ماھىرنى: ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ تارىخىي ئورنىنى ئويلاۋاتقانمىدۇ؟ ماھارىتىنى قانداق يۇقىرى كۆتۈرۈش توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقانمىدۇ؟ ئۆيىدىكى سۇ تۇرۇبىسىدىنىڭ ئاققان - ئاقمىغانلىقىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانمىدۇ؟ دېگەن نۇقتىدا كۆزەتكەنىدى.

فىلىمنىڭ ئاخىرىدا مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى كۆرسىتىلدى. بۇ يازلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئەنئەنىۋى تۈرلىرىنىڭ بىرى ئىدى. 1960 - يىلى ئېفىئوپىيىلىك يۈگۈرۈش ماھىرى رىمدا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە مارافونچە يۈگۈرۈش تۈرىدە چېمپىيون بولغانىدى. ئۇ ئېفىئوپىيە پادىشاھىنىڭ قوغدىغۇچىسى ئىدى. تەييارلىق مۇسابىقىسىدە نەتىجىسى گەۋدىلىك بولسىمۇ، لېكىن ئاياغ كىيگەنىدى (ئىلگىرىكى مۇسابىقىلەردە تەنھەرىكەتچىلەر يالاڭ ئاياغ يۈگۈرەيتتى). كۆپچىلىك ئۇنىڭ مارافونچە يۈگۈرۈشتە چېمپىيون بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. بۇ ھەقىقەتەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەس بىر ھەرىكەت ئىدى. لېكىن، ئۇ بۇنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۇ باشقا ماھىرلارنى ئارقىغا تاشلاپ ئالدىغا ماڭدى. باشقىلار بەرگەن سۇغا چىلانغان بۇلۇت ۋە ئىچىملىكلەرنى قوبۇل قىلمىدى.

شى چۇەنكۇن توكيودا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى «سۈرەتكە ئېلىش» تا ماقۇللانغان بىر قاتار ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۆزئارا ھېسسىيات ئالماشتۇرۇۋاتقان ئىنسانلارغا قارىتا ئۆزىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى تەسىراتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئولىمپىك تەنھەرىكەت توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ماھىيەت جەھەتتە سىياسىي تۈس ئالاتتى. رىقابەت، دوست - دۈشمەن

ئارىسىدىكى شەپقەتسىز توقۇنۇش سۈپىتىدە ئىپادە قىلىناتتى.
مەسىلەن، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى. لېكىن، شى
چۆەنكۇن پۈتكۈل كوللېكتىپنى، ھەرىكەتنى ھېس قىلغان كىشى-
لەرنى، جۈملىدىن سەھنىدىكى، كوچىلاردىكى تاماشىبىنلارنى
مەدھىيىلىدى. ئۇلار غەلىبە شادلىقىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن
كۆردى ھەم بۇنىڭدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشتى. ئالتۇن مېدال
ئېلىش- ئالماسلىق مۇھىم ئەمەس، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسا-
بىقىسىگە قاتنىشىش مۇھىم ئىدى.

ئافرىقا ئەللىرى شى چۆەنكۇننى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلى-
دى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ رىقابەتچى ماھىرلىرى نەچچە ئونغىمۇ يەت-
مەيتتى. لېكىن ئۇلار تۈرلۈك مۇسابىقىلەرگە قاتناشتى. يېپى-
لىش مۇراسىمى داغدۇغىلىق بولدى. چۈشەندۈرۈش سۆزى سال-
ماق ۋە ۋەزمىن چىقتى. ئولىمپىك مۇقەددەس ئوتىنىڭ بارا -
بارا ئۆچۈشىگە ئەگىشىپ، نۇرغۇن تەنھەرىكەتچىلەر ئۆزلۈكىدىن
يىغلىپ ئالقىش ياڭراتتى:

ئىنسانلارنىڭ بۇ چۈشى تۆت يىلدا بىر قېتىم ئەمەلگە ئاشى-
دۇ. مۇشۇ بىرگە يېتەرلىك دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

تىنچلىق، دوستانىلىك، شۇنىڭدەك بولمىغۇر گەپ - سۆز-
لەرمۇ بولۇندى. بىراق، شى چۆەنكۇن ئولىمپىك روھىنىڭ ئەڭ
ئادىمىيلىك تەرەپلىرىنى ئېينەن سۈرەتكە ئالدى. بۇ نۇقتا ھەرقان-
داق بىر فىلىمدە «ئولىمپىك توكيودا» ناملىق بۇ فىلىمدىكىگە
ئوخشاش چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەنىدى. تەنتەربىيىگە ھې-
رىسمەنىرەك رېژىسسور مۇھىم نۇقتىنى ئادەتتە ئالتۇن مېدالغا
ئېرىشىش، مۇكاپات تارقىتىش قاتارلىق كۆرۈنۈشلەرگە قارىتات-
تى. ئەمما، «ئولىمپىك توكيودا» ناملىق فىلىم كىشىلەرنى
پۈتۈنلەي يېڭى بولغان ھېس - تۇيغۇدىن بەھرىمەن قىلدى. بۇ
فىلىمدە دەقىقە ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن ئۇششاق ئىشلار ئارقىلىق
ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تەپسىلاتى كونكرېت ناما-

يان قىلىندى ھەم 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىكى ياپونىيە-
لىكلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتى ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئامېرىكا
رادىئو شىركىتىنىڭ نەشر ئەپكارى «تەنتەربىيە دۇنياسى» ئىش-
لىگەن مۇۋەپپەقىيەت شادلىقى ۋە مەغلۇبىيەت ئازابى ئەكس ئەتتۇ-
رۇلگەن سىنئالغۇ لېنتىلىرىدە ئولىمپىك روھىنىڭ ماھىيىتى
يورۇتۇپ بېرىلمىگەندى. شى چۈەنكۈن ئاخىرقى نۇقتىغا يۈگۈ-
رۈپ بېرىش كويىدا ئازابلىنىۋاتقان ماھىرلار، شۇنىڭ بىلەن
بىرگە تۇرلۇك كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تە-
سىراتىنى نامايان قىلدى.

# ئولىمپىك ۋە سودا

## «سودا ئاتىسى» يوبروس

پېتىر يوبروس 1937 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئامېرىكا ئىللىنوئىس شتاتىغا قاراشلىق ئېيۋىنىستوندا دۇنياغا كېلىپ، كالىفورنىيىدە چوڭ بولدى. پېتىر يوبروسنىڭ ئاتىسى ۋىكتور يېنىدىن قامۇسنى ئايرىمايتتى. قامۇستىن سوئال چىقىرىپ بالىلىرىنىڭ ئەقلىنى سىنايتتى. پېتىر نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن ئولىمپىك كومىتېتىدىكى خادىملارنى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن روھلاندۇرغاندى. ئاپىسى لاۋرا لارسېن ئارغۇن، ئۇ پېتىر تۇغۇلغاندا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىپ، پېتىر تۆت ياشقا كىرگەندە قازا قىلىپ كەتكەن.

پېتىر يوبروسنىڭ بويى 5.11 ئىنگلىزچىسى، بەدەن ئېغىرلىقى 185 فوت. گولف توپ ماھىرى. ئۇ يالىڭاچ سۇ چۆمۈلۈشكە، راگونا دېڭىز ساھىلىدا (راگونا دېڭىز ساھىلى مالتادىكى بىر ئارال، دۇنيادىكى دېڭىز جانلىقلىرى ناھايىتى ياخشى قوغدالغان جاي، مارجىنى بىلەن داڭلىق) ئارا بىلەن بېلىق تۇتۇشقا ئامراق. ئۇ 1978 ـ يىلدىن بۇرۇن تەنتەربىيىنى ئەمەك ئورنىدا كۆرۈپ كەلگەن.

شۇ يىلى، لوس ئانگېلېس ئولىمپىك كومىتېتى تەشكىللىي كومىتېتقا مەسئۇل بولالايدىغان بىر كىشى ئىزدەپ يۈرگەنىدى. ئوۋچىلار شىركىتى پېتىر يوبروسنى كۆرسەتتى. پېتىر يوبروس باشتا بۇنى رەت قىلدى. كىرىمىنىڭ %70 دىن ئايرىلىپ قېلىشىنى (ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ ئىش ھەققى 140 مىڭ ئامېرىكا

دوللىرى ئىدى)، بىر پاتمان ئاۋارىچىلىكلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنى كىممۇ خالىسۇن؟ مەزكۇر كومىتېتنىڭ يەنە بىر قېتىم بېسىم ئىشلىتىشى بىلەن پېتىر يوبروس بۇ خىزمەتنى قولىغا ئېلىش قارارىغا كەلدى. كۆپ ئۆتمەي ئۇ ئۆزىنىڭ ئولىمپىك ھەرىكىتىگە خالىس خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇ دەسلەپتە ئادەم ۋە مالىيە مەنبەسى يوق كۆپ قىينالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە لوس ئانگېلېس شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ھۆكۈمەت كىرىمىدىن بىر تىيىن بەرمەسلىكنى قارار قىلغانىدى. بىرىنچى ھەپتىدە پېتىر يوبروس ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى كاتەكتەك يېڭى ئىشخانىسىنىڭ سىرتىدا قالدى. كەلگەن تېلېفوننى ئېلىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئۆي ئىگىسى لوس ئانگېلېستىكى شەھەر ئاھالىلىرىگە ئوخشاش ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى زىيان تارتىدىغان ئىش ئورنىدا كۆرەتتى ھەم پېتىر يوبروس ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرىنى ئىجارە ھەققىنى بېرەلمەيدۇ دەپ ئويلايتتى.

پېتىر يوبروس شۇ يىلى 42 ياشتا ئىدى. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن نۇرغۇن ئىقتىسادىي ياردەمگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەن پېتىر يوبروس تېلېۋىزىيە شىركەتلىرىنى رىقابەتكە سېلىپ قويدى. خىزمەتداشلىرى مەسلىھەتلىشىپ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى سۈرەتكە ئېلىش ھەققىنى 1 مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا بېكىتتى. لېكىن پېتىر يوبروس سۈرەتكە ئېلىش ھەققىنى ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى بېكىتتى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى سۈرەتكە ئېلىش پۇرسىتىنى تالىشىش پائالىيىتىنى پىلانلىدى. ئاخىر ئامېرىكا رادىئو شىركىتى 2 مىليارد 250 مىليون ئامېرىكا دوللىرى باھا بىلەن سۈرەتكە ئېلىش ھوقۇقىنى سېتىۋالدى. پېتىر يوبروس تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ھەمكارلىقىنى ئاساس قىلىپ، دىققىتىنى ئەڭ چوڭ كىرىم مەنبەسى — ئامېرىكىدىكى چوڭ شىركەتلەرگە قاراتتى.

ئىقتىدار ئىگىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن، پېتىر يوبروس ياردەم بېرىدىغان سودىگەرلەرنىڭ سانىنى بولۇشىغا قىسقارتتى. ياردەم بېرىدىغان سودىگەرلەر سانى 30 بىلەن چەكلەندى (1980 ـ يىلى پولەيسىد كۆلى بويىدا ئۆتكۈزۈلگەن قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقە-سىگە 381 سودىگەر ياردەم بەرگەنىدى). پېتىر يوبروس ياردەمگە بېرىلىدىغان پۇلنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈر-دى. ھەربىر سودىگەر بولمىدى دېگەندە 4 مىليون ئامېرىكا دول-لىرى بېرىشى كېرەك ئىدى.

پېتىر يوبروس ياردەم بېرىدىغان ئورۇنلار بىلەن ئۆزى سۆز-لىشەتتى ۋە ھەربىر پارچە توختامغا ئۆزى قول قوياتتى. خىزمەت-داشلىرى ئۇنى ئۆزلىرىگە تونۇش بولغان ئادەتتىن تاشقىرى قايىل قىلىش كۈچى ۋە باشقىلارنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى چىقىش قىلىدى-غان سەمىمىيلىكى بىلەن ھۆرمەتلەيتتى. مەسىلەن، ئۇ ئىچىمە-لىك شىركىتىگە تېلېۋىزىيە ئۇلاپ تارقىتىش شىركىتىگە ئوخ-شاش مۇئامىلە قىلىپ، ئىككى شىركەتنى تالاشقا سېلىپ قويىدى. كوكوكولا شىركىتى پېتىر يوبروسنىڭ كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى بىلەن خەير ـ ساخاۋەت يولىدا جان پىدا قىلىۋاتقانلى-قىنى ئاڭلاپ مۇسابىقىنى سۈرەتكە ئېلىش ھوقۇقىغا 12 مىليون 600 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى باھا قويىدى. ئامېرىكا سودا ئىشلى-رى ئۇسكۇنىلىرى شىركىتى بۇ ئىشقا ئارىلاشماسلىق قارارىغا كەلدى. پېتىر يوبروس ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە مەز-كۇر شىركەتنىڭ ئۇسكۇنىلىرىدىن پايدىلىنىشنى بەكمۇ خالايتتى. ئۇ مەزكۇر شىركەت رەئىسى فرانك كالغا تېلېفون قىلدى. پېتىر يوبروس ئۇنىڭغا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ياردەم بەر-گەن ئورۇننى پۈتۈن يەر شارىدىكى كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ ئېتىـ-راپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى ھەم بۇ ئىشقا ياپونىيە ئۇسكۇنىلەر شىركىتىنىڭ قىزىقىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويدى. ئامېرىكا سودا ئىشلىرى شىركىتى ئاخىر توختام تۈزدى. ۋەتەنپەرۋەرلىك

يۈزىسىدىن پېتىر يوبروسنىڭ بۇ ئىشقا ئامېرىكا شىركىتىنى ئارىلاشتۇرغۇسى بار ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ چەت ئەل شىركەتلىرى-نىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشى تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. ئېسمېن كوداك 4 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ياردەم بېرىدىغان سۈرەت شىركىتى يوقلۇقىنى ئېيتىپ يالۋۇرۇپ كەلگەندە، پېتىر يوبروس قىلچە ئارىسالدى بولماي ياپونىيە فۇكۇياما سۈرەت شىركىتىنى تاپتى.

مەبلەغ مەسىلىسى ھەل بولغاندىن كېيىن، خەلقئارا دوستانە مۇناسىۋەتنى ئورنىتىش مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى. ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى باشلانغۇچە، پېتىر يوبروس نۇرغۇن ۋا-قىت ئاجرىتىپ بىرمۇنچە دۆلەتلەرنىڭ تەنتەربىيە مىنىستىرلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تەنتەربىيە ئىشلىرى ئەمەلدارلى-رىنىڭ ھوقۇقىنىڭ چوڭلۇقىنى بايقاپ ھەيران قالدى. «تەنتەر-بىيە ھەرىكىتى باشقا دۆلەتلەردە قۇدرەتلىك كۈچ ئىكەن» دېدى پېتىر يوبروس. چەت ئەل ئەمەلدارلىرى بەزىدە پېتىر يوبروستىن ئۇنىڭ ئامېرىكا دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ ئايرىم يەرلىرىنى ئۆز-گەرتىشكە ياردەم بېرەلەيدىغان ياكى ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ بۇ ئىش ئامېرىكا تەنتەربىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى باشلىنىشتىن ئىككى ئاي ئاۋۋال، سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆ-لەتلەر 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بىرلەشمە قارشىلىق بىلدۈردى. بۇ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۈچۈن ئاپەت خاراكتېرلىك تەھدىت ئىدى. مۇسابىقىدىن چېكىنىدىغان دۆلەتلەرنىڭ سانىنى ئىمكان بار ئازايتىش شۇ چاغدىكى مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى. بېلەتنىڭ سېتىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەرقانداق خەۋپنى توسۇش، تاماشىبىنلارنىڭ مۆلچەرلەنگەن سانىغا يەتمەي

قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئامېرىكا رادىئو شىركىتىگە 70 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قايتۇرۇلدى. جىددىي ئەھۋاللارغا قا-رىتا پېتىر يوبروسنىڭ قول ئاستىدىكى خادىملاردا روھىي تەييار-لىق بار ئىدى. ئۇلار دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى. تەجرىبىلىك دىپلوماتلار ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ئەۋەتىلدى. قانۇنىي ۋەكىل چارلىز لى جۇڭگوغا، ئامانەت قەرز مەبلىغى ئىجرائىيە ئەمەلدارى ئانتون فرانكلىن شەرقىي گېرمانىيىگە، پېتىر يوبروس ئۆزى كۇباغا باردى. چۈنكى ئۇنىڭ كۇبا رەھبىرى كاستىرونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىگە بويسۇنىدىغانلىقى توغرىسىدا گەپ قىل-غانلىقىدىن خەۋىرى بار ئىدى. لېكىن كاستىرو لاتىن ئامېرىكى-سىدىكى باشقا دۆلەتلەرنى مۇسابىقىدىن چېكىنىپ چىقىشقا مەج-بۇرلىمايدىغانلىقىنى دېگەنىدى. كاستىرونى قايىل قىلىش نۆۋەت-تىكى جىددىي ئىش ئىدى. پېتىر يوبروس ئافرىقىدىكى 40 تىن كۆپ دۆلەتنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرىنى توشۇشقا مەخسۇس ئايروپىلان ئەۋەتتى.

مۇسابىقە باشلىنىشتىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى، ئۈچ ئولىم-پىك كەنتى تەنھەرىكەتچىلەرگە ئېچىۋېتىلدى. پېتىر يوبروسنى شۇم خەۋەر كۈتۈپ تۇراتتى. شۇ چاغلاردا جىددىي كەيپىيات پەللىگە يەتكەنىدى. «شۇ چاغدا مەندە بىر خىل تۇيغۇ بار ئىدى، — دېگەنىدى پېتىر يوبروس، — ھەرقانداق چاغدا كۈتۈل-مىگەن ئىش يۈز بېرىدىغاندەك تۇيغۇدا ئىدىم». 1972 - يىلى مىيونخېندا يۈز بەرگەن ئىش ئۇنىڭ ئېنىق يادىدا ئىدى. شۇ چاغدا ئىسرائىلىيىلىك تەنھەرىكەتچىلەر مۇسابىقىنىڭ ئونىنچى كۈنى تۇتۇپ كېتىلگەنىدى. ئېچىلىش مۇراسىمى باشلىنىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، تەنتەربىيە مەيدانىدىكى بىر مۇنارغا ئوت كەت-تى. ئوت يالقۇنى ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈلدى. «شۇ چاغدا مەن تېررورلۇقنى ئويلىغانىدىم» دېگەنىدى پېتىر يوبروس شۇ ئىشلار-نى ئەسلەپ.

مۇسابىقە باشلىنىشتىن بىر سائەت بۇرۇن بىردىنلا «ئولىمپىك مۇقەددەس ئوتىنى تۇتاشتۇرۇشقا بولمايدۇ» دېگەن خەۋەر كەلدى. كېيىن تەكشۈرگۈچى خادىم مەشئەل ئۈستىدە ئىككى تال توك سىمىنىڭ گاز باكىغا چېتىپ قويۇلغانلىقىنى بايقاپ قالغان. شۇ چاغدا پېتىر يوبروسنىڭ «پەرۋەردىگارىم، ئاخىر يۈز بەردى. يۈز بېرىدىغان ئىش راستىنىلا يۈز بەردى» دەپ ھەسرەتلەنگەنلىكى باش دىرېكتور ۋېشىنىڭ ھېلىھەم يادىدا. خەۋپسىزلىك تارماقلىرىنىڭ خادىملىرى نەق مەيدانغا ئۇسۇپ كىردى. ئەمەلىيەتتە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ بىر تېخنىكى نەچچە تال سىمنى بىرەرسىگىمۇ دەپ قويماي شۇ يەرگە تاشلاپ قويغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن، بۇزغۇنچىلىق سۇيىقەستى توغرىسىدىكى پىتنە - پاسات تارقالدى. پارتلىتىش ۋەھىمىسى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش 80 قېتىمدىن ئاشتى. ئىسرائىلىيە ۋە تۈركىيە تەنھەرىكەتچىلىرى ياتاقلىرىدىن نەچچە قېتىم كۆچۈرۈلدى.

پېتىر يوبروسمۇ بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى. قول توپ كۆرۈۋاتقان تاماشىبىنلار ئولتۇرغان سەھنە ئۆرۈلۈپ كەتكەندە (ئالتە تاماشىبىن يارىلانغان) پېتىر يوبروس نەق مەيدانغا باردى. ئۇ تىك ئۇچار ئايروپىلان بىلەن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدىكى قاتناش ئەھۋالىنى تەكشۈرەتتى (ئاخبارات ۋاستىلىرى مۆلچەرلىگەن قاتناش توسۇلۇپ قېلىش ئەھۋالى يۈز بەرمىگەنىدى)، كىشىلەرنىڭ قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇش ئۈچۈن ئۇ ھەر كۈنى بىر-بىرىگە ئوخشاشمايدىغان فورما كىيىپ يۈرەتتى. بىر كۈنى ئاپتوبۇس شوپۇرلىرىنىڭ فورمىسىنى كىيسە، ئەتىسى ئاشپەزلەرنىڭ ئاق خالىتىنى، يەنە بىر كۈنى كۈرسانتلارنىڭ كۆك بىلەن سېرىق رەڭ ماسلاشتۇرۇلۇپ تىكىلگەن كۆڭلىكىنى كىيەتتى. ئېلېكترون ئەسۋاب بىلىدىن ئايرىلمايتتى. بۇ ئەسۋاب ئۇنىڭغا جىددىي مەلۇماتلارنى ئۇرۇپ چىقىرىپ بېرەتتى.

پېتىر يوبروس ئۆزى ئۇچراشقان ھەرقانداق نەرسىنى بىر

ئامال قىلىپ ئىشقا ئايلاندۇراتتى. ئۇ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئامراق ئىدى. ئىشقا ئاشمىقى تەس نىشانغا ئىنتىلەتتى ۋە بۇنىڭدىن خۇش بولاتتى. ئۇ پۈتكۈل يەر شارى يۈكلىگەن ۋەزىپىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى، ئامېرىكىلىق ئەسەبىي كارخانىچى ئىدى. ئۇ ئۆز مەھسۇلاتلىرىنىڭ دۇنيادىكى يۇقىرى ئۆرلەشكە ئىنتىلىدىغان كۈچ ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنەتتى. ئۇ كۆپچىلىكنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، ئۇلارنى يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان ئىشنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالى بارلىقىغا قايىل قىلغاندا، ھەممە ئىش راستىنىلا يۈز بېرەتتى.

پېتىر يوبروس ئۆزىنى ئۆياتچان ھەم شەپقەتسىز ئادەم دەپ بىلەتتى. ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلاشقانلار ئۇنى ئۆزىگىمۇ ھەم باشقىلارغىمۇ رەھىم قىلمايدىغان ئادەم دېيىشەتتى. ئۇنىڭ ئېزىلەڭگۈ ئىستىلىنىڭ كەينىدە قەتئىيلىك بار. ئۇ مۇشۇ قەتئىيلىكى بىلەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە يېتەكچىلىك قىلىشتەك ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقتى. پۈتۈن دۇنيا ئالقىش ياڭراتقاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرى نەمدەلدى.

## TOP پىلانى

TOP پىلانى پرىنسىپى ئىنتايىن ئاددىي. بۇ خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى، قىشلىق، يازلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسى ۋە ئەينى چاغدىكى 156 دۆلەتلىك ئولىمپىك كومىتېتلىرىنىڭ بارلىق ھوقۇقىنىڭ تۆت يىلنى دەۋرىي قىلغان ئومۇمىي بازار پىلانىغا باغلاپ قويۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ پىلان ئولىمپىك ھەرىكىتىگە قاتناشقان كارخانىلارنى يەر شارى خاراكتېرلىك پونكىتسىمان سودا ـ سېتىق پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

TOP پىلانى ھەرقايسى ئولىمپىك تەشكىلىي كومىتېتلىرىنىڭ ئۆز يېرىدە بازار ئېچىپ، تىجارەت قىلىشتا ئۇلگىگە ئايلان-

دى. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ پايدىسى مۇناسىپ دەرىجىدە ئاشتى. پولەيسىد كۆلى بويىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسا-
بىقىسىدە پايدا 50 مىليون 650 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن بولسا، سولت - لېيك - سىتىدا پايدا 8 مىليارد 50 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ھالقىپ كەتتى. مەزكۇر پىلان ھازىر دۇنيا-
دىكى بىر قىسىم ئەڭ مۇھىم سودا تەشكىلاتلىرىنىڭ جۈملىدىن كوكوكولا شىركىتى، كوداك شىركىتى، ماك دونال، سىۋىچ قول سائىتى شىركىتى، ۋىساكا شىركىتى ۋە ئۈچ يۇلتۇز قاتار-
لىق شىركەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

TOP پىلانى بازار ئىستراتېگىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ پىلان كارخانىلارنى سەھنە بىلەن تەمىن ئېتىپ كەلدى. كار-
خانىلار مۇشۇ سەھنىدە ئۆز كارخانىلىرىنى تېز روناق تاپقۇزالاي-
دۇ، مەھسۇلاتلىرىنىڭ داڭقىنى چىقىرىپ، ئىشچى - خىزمەتچى-
لىرىگە مەدەت بېرەلەيدۇ. ئامېرىكا فىڭكاڭ سۇغۇرتا شىركىتى-
نىڭ رەئىسى ۋە باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى داۋىد ئالېكساندىرو TOP پىلانىنى تەسۋىرلەپ «دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ سودا پۇرسىتى شۇنىڭدا» دېگەن (ئامېرىكا فىڭكاڭ سۇغۇرتا شىركىتى ئامېرىكى-
دىكى 9 - ئورۇندا تۇرىدىغان ئۇچۇر سۇغۇرتىسى شىركىتى. 1862 - يىلى قۇرۇلغان. بۇ شىركەت ئۆمۈر سۇغۇرتىسى، ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، سالامەتلىك سۇغۇرتىسى ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك غەمخورلۇق سۇغۇرتىسى قاتارلىق ئەنئەنىۋى تىجارەت تۈرلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ 80-
يىللىرى، شىركەت كۆپ خىل مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقاردى. 1995 - يىلى، بۇ شىركەت پاي چېكىنى تىزگىنلەش شىر-
كىتى — فىڭكاڭ مۇلۇك باشقۇرۇش شىركىتىنى تەشكىللىدى. شىركەت پارچە سۇغۇرتا كەسپى ۋە پۇل - مۇئامىلە مۇلازىمىتى، مەبلەغ سېلىش ۋە ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، سودا سۇ-
غۇرتىسى ۋە خەلقئارالىق تەشكىلات قاتارلىق تۆت سودا تەشكىلاتى-

دىن تەركىب تاپتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. مەزكۇر شىركەتنىڭ ئامېرىكىدىكى 50 شتاتتا ھەم 40 نەچچە دۆلەتتە تارماقلىرى بار).

بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى كۆپ سودا مۇناسىۋىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ناھايىتى ئاز سودا مۇناسىۋىتى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلدى. بازار ئاچىدىغان كارخانىچىلارنىڭ سانى زور مىق-داردا تۆۋەنلىتىلدى. ئىستراتېگىيە تەرەققىي قىلىپ ۋايىغا يەت-تى. بىر قىسىم نېگىزلىك مەسىلىلەردە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مۇشۇنداق ئۆزگىچە پرىنسىپقا ئايلىنىشىغا پايدى-لىقلا بولسا، قارار قىلىندى.

TOP پىلانى ئاڭلىماققا مانا مۇشۇنداق ئاددىي. لېكىن ئەمە-لىيەتتە ئۇنداق ئەمەس.

ئامېرىكىنىڭ 1988 ـ يىلى كانادا كارگالدا ئۆتكۈزۈلگەن قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى ئۇلاپ تارقىتىش ھوقۇقى شۇ چاغدا ھالقىلىق مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. بۇ ۋەقە 1984 ـ يىلى 1 ـ ئايدا يۈز بەرگەنىدى. ئامېرىكىنىڭ ئامېرىكا رادىئو شىركى-تى، دۆلەتلىك رادىئو شىركىتى ۋە كولومبىيە رادىئو شىركىتى قاتارلىق ئۈچ چوڭ تېلېۋىزىيە تورىدىكىلەر جەنۇە كۆلى بويىدىكى 120 يىللىق تارىخقا ئىگە خان ئوردىسى سارىيىغا جەم بولدى. خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى رەئىسى سامارانچ بىلەن ئامېرىكا رادىئو شىركىتى ئوتتۇرىسىدىكى تۈنجى قېتىملىق سۆھبەت باش-لاندى. سامارانچ خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ ئاشكارا خې-رىدار چاقىرىش جەريانىنى بىۋاستە كونترول قىلىدىغان ۋاقتى بولدى دەپ قارار قىلدى. بۇ جەريانغا خەلقئارا ئولىمپىك كومى-تېتى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى دىك پود رەھبەر-لىك قىلدى.

خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى پۇرسەتپەرەسلەرگە پۇرسەت بەرمىدى. سۆھبەتنى خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ باش شى-

تابى — شۋېتسارىيىنىڭ لوزاننا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈش قارار قىلىندى. مەقسەت: ئۈچ رادىئو شىركىتىنى جەڭگە سېلىپ قويۇش ئىدى. خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى خېرىدارلىقنى تالىشىشقا كەلگەن ۋەكىللەر بىلەن ئۇلارنىڭ نيۇيوركتىكى باش شىتابى بىلەن بولغان ئالاقىنى كېسىپ تاشلاشنى ئۈمىد قىلاتتى. رادىئو شىركەتلىرىنىڭ سۆھبەت ۋەكىللىرىنى نيۇيوركتىكى پۇل- مۇئامىلە باشقۇرغۇچى خادىملاردىن ئايرىپ تاشلاش ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. بولمىسا، پۇل - مۇئامىلە باشقۇرغۇچى خادىملار بىر ئامال قىلىپ خېرىدار خىراجىتىنىڭ ئۆرلىشىنى چەكلەپ قوياتتى.

ئامېرىكا رادىئو شىركىتىدىكى رونى ئالىك بۇ جەريانىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەنىدى: «ئۈچ چايان بىر بوتۇلكىدا ئۆزئارا ئۇرۇشتى. ھەممە ئىش ئاخىرلاشقاندا، ئىككى چايان ئۆلۈپ، ئۈچىنچىسى ھېرىپ ھالىدىن كەتتى.»

ئاشكارا خېرىدار چاقىرىش ۋە ئاشكارا خېرىدار چاقىرىشقا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش 11 سائەتتىن ئېشىپ كەتتى. ئالتىنچى قېتىملىق سۆھبەتتە ئامېرىكا رادىئو شىركىتى غەلىبە قىلدى. چاياندىن بىرسىلا قالدى. لېكىن زەھەر ئۇنىڭ قۇيرۇقىدا ئىدى. ئامېرىكا رادىئو شىركىتى غەلىبىسى ئۈچۈن 3 مىليارد 90 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بەدەل تۆلىدى. بۇ خىراجەت سارايېۋودا ئۆتكۈزۈلگەن قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئۇلاپ تارقىتىش ھوقۇقىغا كەتكەن خىراجەتتىن 2 مىليارد 175 مىليون ئامېرىكا دوللىرى كۆپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن خىراجەت ھەققى %337 ئاشتى.

بۇ تېلېۋىزىيە ئۇلاپ تارقىتىش تارىخىدا، مەيلى تەنتەربىيە پائالىيىتى ياكى باشقا پائالىيەتلەر بولسۇن، يەككە پائالىيەت تورىغا تۆلەنگەن ئەڭ يۇقىرى ھەق ئىدى.

كارگالدا ئۆتكۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرغان قىشلىق ئولىمپىك

تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ئاشكارا خېرىدار چاقىرىش قىزغىنلىقى بىلەن ئولىمپىك ھەرىكىتى بىر قېتىملىق بۇرۇلۇش ياسىدى. ئامېرىكا رادىئو شىركىتى نەزىرى بىلەن قارىغاندا، بۇ ئاپەت خاراكتېرلىك ۋەقە ئىدى. ئاخىرىدا، كارگالدىكى ئولىمپىك قىشلىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۇلاپ تارقىتىش مەسىلىسىدە ئامېرىكا رادىئو شىركىتى جەمئىي 65 مىليون ئامېرىكا دوللىرى زىيان تارتتى. بۇ رادىئو شىركىتىنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۇلاپ تارقىتىش تارىخىدا تۇنجى قېتىم زىيان تارتىشى ئىدى. ئامېرىكا رادىئو شىركەتلىرى خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ كارگالدا ئۆتكۈزۈلىدىغان قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۇلاپ تارقىتىش سۆھبىتىدە قوللانغان ئۇسۇلىنى خېلى يىللارغىچە ئەپۇ قىلىشۋېتەلمىدى ھەم ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۇلاپ تارقىتىش ھوقۇقىنى تالىشىش بازىرىغا ۋە خېرىدار چاقىرىش تۈرلىرىگىمۇ ئاكتىپ قاتناشمىدى.

بۇ ناھايىتى چوڭ ساۋاق. ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقى ئولىمپىك قىممىتى ئۈستىگە قۇرۇلغان. بۇ ئالاھىدە ھوقۇق كۆڭۈل قويۇلۇپ قوغدالغان ئۆزئۆن مۇددەتلىك مۇناسىۋەت ئارقىلىق ساقلاپ قېلىنىدۇ. سودا چوقۇم ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا بولىدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت ھەقىقەتەن مۇھىم، بىراق، بۇنداق مۇۋەپپەقىيەت «تەڭ بەھرىمەن بولۇش» نى ئاساس قىلىشى، ھەمكارلاشقۇچى تەرەپمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇناسىپ مۇۋەپپەقىيەتتىن ئۆز نېسىۋىسىگە ئېرىشىشى كېرەك.

زامانىمىزدىكى ئولىمپىك ھەرىكىتىنىڭ قىممىتى ۋە يارىدەمگە ئېرىشىپ كېلىۋاتقان دۇنياۋى زور ھەرىكەت بىلەن ئاخبارات پائالىيىتى ئارىسىدا روشەن جىددىي ھالەت مەۋجۇت. بۇ جىددىي ھالەت ئەمدى زىددىيەتلەر توقۇنۇشى ئەمەس، بەلكى ھەرىكەت ھالەتتىكى تەڭپۇڭلۇق بولۇپ قالدى. مۇشۇ قاراشنى تەن ئالىدىغان ئولىمپىك ھەرىكىتى كۆزەتكۈچىلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ

كېتىۋاتماقتا. ئۇ بىر قاتار ئالاھىدە قىممەت قارىشىغا ئىگە ئو-لىمپىك مۇسابىقىسى بىلەن مۇسابىقە پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ مەھسۇلاتلىرىنى قولدىن چىقىرىشقا ئالدىرايدىغان سودا ئەمەلىي گەۋدىسىگە ئورتاق بولغان مۇناسىۋەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

پاتېنت ھوقۇقى تولىمۇ مۇھىم. ياردەم بەرگۈچى كارخانى-چىلار ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە مەبلەغ سالسا بولا-دۇ، بولمامدۇ، مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش پائالىيەتلىرىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلاردا رىقابەتچىلەر تۇيەيلى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنامدۇ، قىلىنمامدۇ؟ مۇشۇنى بى-لىشكە ئىنتىلىدۇ.

ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تەنتەربىيە مەيدانىدا ھەر-قانداق شەكىلدىكى ئېلان تەشۋىقات پائالىيەتلىرىگە يول قويماي كەلدى. ئولىمپىكنىڭ بەلگىسى — دۇنيا خەلقىگە تونۇشلۇق بەش ھالقا — تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ مەڭگۈلۈك چولپىنى. ياردەم بەرگۈچى ھۆكۈمەت تەرەپ كارخانىچىلار تۈزۈمىگە قاتتىق رىئايە قىلىدۇ. كۆز بوياپچىلىق قىلىش چەكلەنگەن. سىدنېيدا ئۆتكۈ-زۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئېچىلىش مۇرا-سىمىدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن، ئولىمپىك خەلقئارا كومىتېتى مۇسا-بىقىنى ئېچىلىش بىلەن تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئېيروماك شىركىتىنىڭ 30 مىڭ كىشىلىك فورما تىكتۈرۈپ، فورمىنىڭ كۆزگە كۆرۈنىدىغان سول مەيدە تەرىپىگە مەزكۇر شىركەتنىڭ بەلگىسىنى سېلىپ قويغانلىقىنى بايقاپ قالغان. بۇ تېخنىكىلىق جەھەتتە ماك دونال شىركىتىنىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا خىلاپ ھەرىكەت ئىدى. خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى بىر تۈر-كۈم تىككۈچىلەرنى يىغىپ، فورمىدىكى بەلگىنى تىكتۈرۈۋېتى-دۇ.

پاتېنت ھوقۇقىنى قوغداش ئېڭى ئولىمپىك ھەرىكىتىنىڭ قىممەت قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى قوغداش جەريانىدا ناھايىتى كۆپ پايدا ياراتتى.

# تۆتىنچى باب ئولىمپىك ۋە تەنھەرىكەت پەن - تېخنىكىسى

## قىسقىچە چۈشەنچە

قەدىمكى زاماندا، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشقان تەنھەرىكەتچىلەر مۇسكۇلىنىڭ كۈچى، بەدەن قۇۋۋىتى ۋە سۈرئەتكە تايىنىپ زەيتۇن شېخىدىن توقۇلغان تاجغا ئېرىشىپ، كىشىلەرنىڭ زوقىنى قوزغايتتى. فرانسىيىلىك مائارىپشۇناس پېتىر دې گوبردام: كىشىلەرنىڭ ئىككى مىڭ يىلدىن بېرى مۇشۇنداق «ھەرىكەت ئېتىقادى»نى تەبرىكلەپ كەلگەنلىكىنى دېگەنىدى.

100 يىلدىن بۇيان، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ھەرىكەت بىلەن ئىلىم - پەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئىلىم - پەن تەتقىقاتى، تېخنىكا ۋە ھەرىكەت بىر گەۋدىگە ئايلاندى، بۇ ھال تۆت يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىنىۋاتقان كاتتا تەنتەربىيە مەرىكىسىنى كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز يۇكسەكلىككە كۆتۈردى.

زامانىمىزدىكى پۈتكۈل ئولىمپىك تارىخىدا، تېخنىكا ئىزچىل ھالدا كاتتا كۆرۈنۈشلەرگە ۋە ئاجايىپ ماھارەتلەرگە ھەمراھ بولۇپ كەلدى. ئەڭ بالدۇر ئۆتكۈزۈلگەن ئۈچ قېتىملىق خەلقئارا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە، ئىككى قېتىملىق مۇسابىقە تېخنىكىنىڭ كۈچىنى كۆرستىش سورۇنى ۋە دۇنيا كۆرگەزمىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولدى دەپ سانالدى. ئۇزۇن مەزگىللەردىن بېرى، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى يېڭى تېخنىكا

ۋە يېڭى ئىلىم - پەن ئۇتۇقلىرى نامايان قىلىنىدىغان سەھنە بولۇپ كەلدى. 1912 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە تەنھەرىكەتچىلەر ئېلېكترونلۇق ۋاقىت ھېسابلىغۇچنىڭ پايدىسىنى كۆردى. تاماشىبىنلارمۇ تۇنجى قېتىم ياڭراتقۇدىن ھوزۇرلاندى.

تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ نەتىجىسىنى باھالاش ئۇچۇن كەشىپ قىلىنغان يۇقىرى سۇرئەتلىك كىنو 1928 - يىلى دۇنياغا كەلدى. رادىئو بىلەن تېلېۋىزور ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئەڭ دەسلەپ سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغانىدى. 1964 - يىلى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىلىدىغان بولدى. سەككىز يىلدىن كېيىن تاماشىبىنلار سانى 10 مىلياردقا يەتتى.

مارافونچە يۈگۈرۈش ماھىرىنىڭ ئايىغىدىكى مىكرو ئۆزەكتىن تارتىپ سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىدىكى ئادەتتىن تاشقىرى سەزگۈر تەگلىك ۋە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ كەينىدىكى «007» شەكلىدىكى خاسىيەتلىك كىچىك قۇرۇلما مۇسابىقىدە مۇكاپاتلىنىدىغانلار بىلەن شاللىنىپ كېتكەنلەرنى پەرقلەندۈرۈشكە ياردەم قىلىدۇ.

شۋېتسارىيە سۇ ئۈزۈش كوماندىسىدىكى كۈچ ئۇلاپ ئەركىن سۇ ئۈزۈش ماھىرى يېنىدىكى ھەمراھىدىن بىر سېكۇنت ئاۋۋال سۇغا سەكرىگەن، بۇ دەرھال ئۆلچەش نەتىجىسىدە سېزىلىۋېلىنغان. سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىگە قوزغىتىش تەگلىكى قويۇش 1987 - يىلى ئاۋستىرالىيىنىڭ بورسىباندا ئۆتكۈزۈلگەن ئەنگلىيە فېدېراتسىيىسى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە بىرىنچى قېتىم يولغا قويۇلغان. سېزىش ئاپپاراتى سۇ ئۈزۈش ماھىرى سۇغا سەكرەيدىغان سۇپىدىكى خاتىرىلىگۈچكە، ئۇلترا نېپىز سۇلياۋ قوزغاتقۇچ سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىنىڭ ئاستى قىسمىدىكى تېمىغا قويۇلىدۇ. شۇنىڭدا سۇ ئۈزۈش ماھىرىنىڭ سۇدىن قۇرۇق يەرگە چىققان

ۋاقتىنى ھېسابلاپ چىققىلى بولىدۇ. بۇنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى
0.01 سېكۇنتقا يېتىدۇ. بۇ قوزغاتقۇچ تەگلىك كۆپتۇرمە شە-
كىلدە لايىھىلەنگەن. سېزىش ئاپپاراتى سۇنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن
ئەمەس، بەلكى تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ بارماقلىرىنىڭ تەسىرىدىن
ھەرىكەتكە كېلىدۇ. سېكۇنتىغا 100 پارچە سۈرەت تارتىدىغان
فوتو ئاپپارات سۇغا سەكرەش سۇپىسى بىلەن قوزغاتقۇچنى سۈرەت-
كە ئېلىپ، قوزغىتىش سىستېمىسىنى يېقىندىن قوللايدۇ.
يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە ئىشلىتىدىغان فوتو ئاپپارات
ناھايىتى سەزگۈر. بۇ فوتو ئاپپاراتلارنىڭ سۈرەتكە تارتىش سۈر-
ئىتى بەك تېز، سېكۇنتىغا 1000 پارچە سۈرەت تارتىدۇ. ئاخىر-
قى نۇقتىدىكى سىزىققا 8 مىللىمېتىر قالغاندا سۈرەتكە تارتىشتىن
توختايدۇ. تەنھەرىكەتچىلەر ئاخىرقى نۇقتىدىكى سىزىقتىن ئۆتۈپ
كەتكەندە، فوتو ئاپپارات سان - ساناقسىز كىچىك خەتلەر ئارقى-
لىق تەنھەرىكەتچىنىڭ گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاۋ-
ۋال تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ تاپىنى، قولى، ئاندىن كېيىن بۇرنىنىڭ
ئۇچى سۈرەتكە ئېلىنىدۇ، ھەتتا تەنھەرىكەتچىنىڭ چېچىمۇ چەتتە
قالمايدۇ. سۈرەت ناھايىتى ئېنىق ھەم سۈپەتلىك، نەچچە مىڭ
پارچە سۈرەت ئېلېكترون سىستېما ئارقىلىق قۇراشتۇرۇلۇپ،
ئاخىر بىر پارچە سۈرەت تەييار بولىدۇ. ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ
ئاخىرقى نۇقتىدىكى سىزىقتا قالدۇرغان خاتىرىسىدە تەنھەرىكەت-
چىلەرنىڭ بەدىنى مۇشۇ سەۋەبتىن ئېگىز - پەس كۆرۈنۈپ قالى-
دۇ. چۈنكى بۇ سۈرەتلەر ھەقىقىي سۈرەت ئەمەس، مەلۇم بىر
شەيئىگە قارىتا مۇئەييەن ۋاقىتتا ھالقىغان بىردەملىك كۆرۈشچان-
لىق قايتا ئىجاد قىلىنىدۇ. بۇ تېخنىكا يەلكەنلىك كېمە مۇسابى-
قىسى، قېيىق مۇسابىقىسى ۋە ۋېلىسىپىت مۇسابىقىسى قاتارلىق
تۈرلەردىمۇ قوللىنىۋاتىدۇ.

# تەنھەرىكەت كىيىملىرىدىكى پەن ـ تېخنىكا

ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مودىلاشقان تەنھەرىكەت ئەسۋابلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە بۆشۈك بولۇپ قالدى. كارخانىچىلار ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تۇپەيلى مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيدىغان ۋە نۇرغۇن پايدا ئالالايدىغان ئىمكانىيەتكە ئېرىشتى. جۈملىدىن كىيىم ـ كېچەك ساھەسىدىكىلەر مەھسۇلات يارىتىش ئۈچۈن مىليونلاپ مەبلەغ سېلىشتىن ئايانمايدىغان بولۇشتى. كارخانىچىلار ئايرىم تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ يەنىمۇ ئوبدان مۇسابىقىلىشىشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئەڭ يېڭى ھەم ئەڭ يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ مەھسۇلى بولغان كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىن ئېتىپ كەلمەكتە.

تېمپېراتۇرا چۈشۈرەلەيدىغان كاۋزانكا، سۇنىڭ قارشىلىقىنى سۇندۇرالايدىغان سۇ ئۈزۈش كىيىمى ۋە بەدەنگە يېپىشىپ تۇرىدىغان تەنھەرىكەت كىيىملىرى ... 2004 ـ يىلىدىكى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە، ھەرقايسى كىيىم ـ كېچەك كارخانىلىرى يۇقىرىدىكىدەك يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىلىق تەنھەرىكەت كىيىملىرىنى بازارغا سالدى ۋە بۇ كىيىملەر ئارقىلىق تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ نەتىجىسىنى كۆپ تەرەپلىمە يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەردى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ نەتىجىسىنى 3% يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدىكەن. بۇ نۇقتا ناھايىتى مۇھىم. چۈنكى مىس مېدال ئالىدىغان تەنھەرىكەتچى مۇشۇ تۇپەيلى ئالتۇن مېدال ئالالايدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق. 2004 ـ يىلى، ئافىنا-

دا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە شامالدىن، سۇدىن ساقلىنالايدىغان، ئاسان يىرتىلمايدىغان، ئاسراش ۋە يا- ماش قۇلاي بولغان ھەم ئۇلترا بىنەپشە نۇردىن ساقلىنالايدىغان تەنھەرىكەت كىيىملىرى مەيدانغا كەلدى.

**سۇ ئۈزۈش كىيىملىرى:** سۇ ئۈزۈش ماھىرلىرىنىڭ نەتىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، بەدەننى ئوراپ تۇرىدىغان سۇ ئۈزۈش كىيىمى 2004 ـ يىلى ئافىنادا ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرى- كەت مۇسابىقىسىدە بىرىنچى قېتىم تاللاندى. ئادىداس شىركىتى «رېئاكتىپسىمان ئۇقۇمىدىكى سۇ ئۈزۈش كىيىملىرى»نى يۇ- رۇشلەشتۇرۇپ مەيدانغا چىقاردى. يۈرۈشلۈك بۇ كىيىملەر ما- ھىرلارنىڭ سۇدا سۇنىڭ قارشىلىقىنى سۇندۇرۇشىغا پايدىلىق قىلىنىپ لايىھىلەنگەنىدى.

2004 ـ يىلى، ئافىنادا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرى- كەت مۇسابىقىسىدە، ئامېرىكا سوبىدا شىركىتى «تىمساھ قاسى- رىقى» ماركىلىق ئىككىنچى ئەۋلاد يۈرۈشلۈك سۇ ئۈزۈش كى- يىملىرى (بىرىنچى ئەۋلاد سۇ ئۈزۈش كىيىملىرى 2000 ـ يىلقى سىدنېي ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان)نى ئوتتۇرىغا چىقاردى. «تىمساھ قاسىرىقى» ماركىلىق سۇ ئۈزۈش كىيىمى سۇنى بەدەندىن ئىتتىرىدۇ. بۇنىڭ ئۇنۇمى سۇ بەدەنگە بىۋاسىتە تەگكەندىن ياخشى. بۇ كىيىم تىمساھنىڭ قاسىرىقىدىكى ئۇششاق چىشلارغا تەقلىد قىلىنىپ تىكىلگەن. بۇ ئادەتتە قاسىراقتىكى ئۇششاق چىشلار دەپ ئاتىلىدۇ. تىمساھنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدىكى بۇ چىشلار سۇنى ئىتتىرىپ، سۈركىلىشنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

سۇنىڭ قارشىلىقىنى يەنىمۇ ئۈنۈملۈك ئازايتىش ئۈچۈن، سۇ ئىمكان بار بەدەنگە تېگىپ تۇرۇشى كېرەك. سۇ تەنھەرىكەتچى- نىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇلغاندا، ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ، قارشىلىق شەكىللەندۇرىدۇ. بۇ ناھايىتى چوڭ قارشىلىق. بەدەننىڭ مۇھىم

ئەزالىرى بۇرۇلما ھالەتتە بولسا، سۇ ئۈزۈش كىيىمى سۇنىڭ ئېقىمىنى ئۆزگەرتىدۇ. بەدەن سۇنىڭ ئېقىشىغا ماسلىشىدۇ. بەدەنىنىڭ پۇرۇلمە ھالەتتىكى ئەزالىرى ئاز - تولا سۇركىلىش پەيدا قىلىسىمۇ، لېكىن ئاجىزلاشقان قارشىلىق سۇركىلىش پەيدا قىلغان يېتەرسىزلىكنى تولدۇرىدۇ. قارشىلىقنى ئازايتىش ئۈچۈن، دىر چەكلىك شىركىتى قارمىقىدىكى كالىفورنىيە سۇ ئۈزۈش كىيىملىرى شىركىتى «سۇ ئېقىمى» سۇ ئۈزۈش كىيىملىرىنى تەييارلىدى. بۇ سۇ ئۈزۈش كىيىملىرىگە ئىچى كاۋاك تۇرۇبا ئىشلىتىلگەن، قارشىلىق 10% ئاجىزلايدۇ. بۇ ئىچى كاۋاك تۇرۇبا بەدەن ئەتراپىدىكى سۇ ئېقىمىنىڭ كۈچىنى ئۆزگەرتىپ، قارشىلىقنى پەسەيتىدۇ.

**ئىسسىقلىققا چىداملىق تەنھەرىكەت كىيىملىرى:**

«تۆكىنىڭ رولى» ئارقىلىق بەدەندىكى نەملىكنى چىقىرىش، شامال ئۆتۈشكەندە، ئىسسىقلىقنى ھورغا ئايلاندۇرۇش، سالقىنلىقنى ساقلاش تېخنىكىسى ھەرىكەت سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى. 2004 - يىللىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش شەرىپىگە ئېرىشكەن شەھەر — ئافېنادىكى مۇسابىقىگە ئۇلگۇرتۇپ تەنھەرىكەت كىيىملىرى شىركەتلىرى ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرى تۆت يىل ئىچىدە يۇقىرى ئىقتىدارلىق كىيىملەرنى ئىشلەپچىقاردى. ئۇنۇمىنى تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئۇچىسىدىكى ئىسسىقلىققا چىداملىق كىيىملەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ تەنھەرىكەت كىيىملىرىگە نەملىكنى پارغا ئايلاندۇرۇش سىستېمىسى ئورنىتىلغان، بۇ بىر يېڭىلىق. مەزكۇر سىستېمىغا 3D تالا ئىشلىتىلگەن. ھاۋا ئېقىمى تېرىگە تېگىپ تۇرىدۇ. بەدەن سالقىن ۋە پائالىيەتچان ھالەتتە بولىدۇ. دۇمبە تەرەپتىكى مۇزلىتىش لىنىيىسى تۇرخۇنغا ئوخشاش ھاۋا ئېقىمىنىڭ پاتاڭغا تېگىپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. نايك شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «قۇرغاق» تەنھەرىكەت كىيىملىرىگە

يۇقىرى ئىقتىدارلىق مىكرو تالا ئىشلىتىلگەن. بۇ كىيىم بەدەن-دىن چىققان تەرنى پارغا ئايلاندۇرۇپ، تېرىنىڭ قۇرغاقلىقىنى ساقلايدۇ.

2004 - يىلى ئافىنادا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئاۋستىرالىيە تەنھەرىكەتچىلىرى ۋورماك شىركىتى لايىھىلىگەن مۇزلىتىش ئۇسكۇنىسى ئورنىتىلغان تەنھەرىكەت كى-يىملىرى بىلەن مۇسابىقە مەيدانىدا پەيدا بولدى. بۇ كىيىمنىڭ ئەستىرىگە قۇرغاق قوي يۇڭى ۋە مېرىئىنوس قوي يۇڭىنىڭ يۇقىرى ئىقتىدارلىق بىرىكمىسى، سىرتىغا ئىستىر ماتېرىيال قىلىنغان. كىيىم يەڭگىل، شامال ئۆتۈشۈشى راۋان، ئېلاستىك-لىقى ياخشى ھەم ئۇلترا بىنەپشە نۇردىن ساقلىنىش خۇسۇسىيە-تىگە ئىگە. ئامېرىكا ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر كىيگەن ئالاھىدە مۇزلىتىش مايكىسى ئۇلارنىڭ جاپالىق مەشىق قىلىشىغا ۋە مە-شىق ۋاقتىنىڭ ئۇزاق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. بۇ مايكىنىڭ ئارىسىغا 12 بولاق يىلىم سېلىنغان. بۇ مايكا بەدەن تېمپېراتۇرى-سىنى ساقلايدۇ، تەرلەشنى ئازايتىدۇ. تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ياخ-شى نەتىجە قازىنىشىنى تەمىن ئېتىدۇ.

**يەلكەنلىك قولۋاق تەنھەرىكەتچىلىرى كىيىمى:**

ئىتالىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر مۇسابىقىگە بېسىلىشقا، ئۇي-راشقا چىدامىلىق، ئەركىن نەپەس ئالغىلى بولىدىغان، سۇدىن، ئۇلترا بىنەپشە نۇردىن ساقلىنالايدىغان ئېلاستىكلىق كىيىملەر بىلەن قاتناشتى.

«تورماكىس» ناملىق تېز قۇرۇيدىغان تەنھەرىكەت كىيىملى-رىمۇ بار. بۇ كىيىمنىڭ نەملىك ساقلاش ئىقتىدارى بەك ياخشى. تېرىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تېز چۈشۈرىدۇ. ھەرىكەت ئۈستىدىكى تەنھەرىكەتچىنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ئاستىلىتىدۇ. گىدراتلىشىش رولىنى ساقلايدۇ. «قوي يۇڭى» بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى. «تۈكنىڭ رولى» ياخشى بولغانلىقتىن نەم ھاۋانىڭ ئۆتۈشۈپ

تۇرۇشى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ (بۇ تەنھەرىكەتچىلەر ئۈچۈن بەك مۇھىم)، شۇنىڭ بىلەن تەنھەرىكەتچىلەر تۇرلۇك ھەرىكەتلەردە ئۆزىنى نورمال تۇتالايدۇ. 2004 ـ يىلى ئافىنادا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ھۆكۈمەت تەرەپ بۇيرۇتقان ئادىداسلار ۋە تەنھەرىكەتچىلەرگە ئۆلچەپ تىكتۈرۈلگەن «شامال» تەنھەرىكەت كىيىملىرى ھەم تەنھەرىكەت ئاياغلىرى تومۇز ئىسسىقتا تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ بەدىنىنى سالقىن تۇتۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

## مەشىق داۋامىدىكى پەن ـ تېخنىكا

كانادالىق تۆمۈر ئادەم — ئۈچ تۈردە مۇسابىقىگە چۈشۈپ كېلىۋاتقان كاسىبا بولەيك توققۇز يىلدىن بۇيان تېخنىكىلىق يار-دەمنى ئىزچىل تاللاپ، سۇ ئۈزۈش، ۋېلىسىپىت ۋە يۈگۈرۈش مۇسابىقىلىرىدە قاۋۇل تەنھەرىكەتچىلەرلا قولغا كەلتۈرەلەيدىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ كەلمەكتە. «مەن تاللىغان بۇ ئۈچ تۈر بەكمۇ جاپالىق ھەرىكەت، — دەيدۇ بوي ئېگىزلىكى 170 سانتى-مېتىر كېلىدىغان، مۇئامىلىسى قىزغىن بولەيك، — لېكىن تولىمۇ غەلىتە بىر تۈركۈم ئادەم ئاجايىپ ئەپچىل بىر نەرسىنى ئىجاد قىلدى.»

بولەيك ۋېلىسىپىت مەشىق قىلغاندا، SRM ئېنېرگىيە سا-ئىتىنى ئىشلىتىدۇ. پرېسلانغان سانلىق مەلۇمات دىسكىسى ۋېلى-سىپىتنىڭ رولىغا ئورنىتىلىدۇ. بۇ قۇرۇلمىنى گېرمانىيىدىكى بىر كارخانا ئىجاد قىلغان. بۇ قۇرۇلما ھەر قېتىم پېدالغا كەتكەن كۈچ بىلەن رىتىمنى ۋە تەنھەرىكەت ماھىرىنىڭ يۈرەك سوقۇشى-نىڭ تېزلىكىنى ئۆلچەپ بېرەلەيدۇ. بولەيك ئۇخلىغان چاغلاردى-مۇ، ئۇششاق ـ چۈششەك كەشپىياتلارنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. ئۇ ۋىكتورىيىدىكى ئۆيىگە قويۇلغان كارىۋاتقا سۇل-ياۋدىن ياسالغان «دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز چېدىر» ئورنىتىۋالغان. بىر پرېسلىغۇچ 15% ئوكسىگېن چىقىرالايدىغان ھاۋانى سۈمۈرى-دۇ. بۇ تەكشى دېڭىز يۈزىدىكى 21% ئوكسىگېن چىقىرالايدىغان ھاۋاغا سېلىشتۇرغاندا، دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىر ئېگىزلىك-تىكى شالاڭ ھاۋاغا باراۋەر. بولەيك ئۇخلىغاندا، بەدىنى تۆۋەن سۈپەتلىك ئوكسىگېن ئارقىلىق بىر تالاي قىزىل قان دانچىلىرىنى

ئىشلەپچىقىرىدۇ. چۈنكى قىزىل قان دانچىلىرى بەدەندىن ئوك-
سىگېن ئارقىلىق ئۆتۈشۈپ، بەدەندىكى ھارغىنلىقنى پەسەيتىدۇ.
بۇ ئۇسكۇنىلەرنىڭ باھاسى يۇقىرى ئەمەس، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز
چېدىر 7000 ئامېرىكا دوللىرى، SRM ئېنېرگىيە سائىتى
2900 ئامېرىكا دوللىرى، زاكاز قىلىنغان ۋېلىسىپېت 400
ئامېرىكا دوللىرى. «سەن بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشلە-
تىپ بولالمايسەن، ئىشلەتمىسەڭ، ئۇنداقتا سەن قاپاقباش، —
دەيدۇ بولەيك، — بۇ نەرسىلەرنى ئىشلەتمىسەڭ، سەن شۇب-
ھىسىز باش پەللىدىن چىقىش سىزىقىدىلا بەش مېتىر كەينىدە
قالىسەن.»

ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە غەلىبىگە ئېرىشىشنى
ئۈمىد قىلغان تەنھەرىكەتچىلەرگە ئوخشاش بولەيكمۇ ئىلىم-پەن،
تېخنىكا، ئىدىيە ۋە بەدەن بىر گەۋدىلەشكەن تەرتىپ بويىچە
مەشىق قىلىدۇ.

ئادەم بەدىنىنىڭ رولىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە جارى قىلدۇ-
رۇش ئۈچۈن، ئولىمپىك ترېنېرلىرى ۋە تەنھەرىكەتچىلەر ماشى-
نا، كۆرۈنمە چاستوتا ۋە كومپيۇتېر قاتارلىق ئۇسكۇنىلەرنى كەڭ
قوللانماقتا. مۇرەككەپ كابېل لىنىيىسىدە يېنىك ئاتلېتىكا تەن-
ھەرىكەتچىلىرى ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغاندىكىدىن تېز يۈگۈرەيدۇ.
فرانسىيىدە يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەتچىلىرى دۇنياۋى يۈگۈ-
رۈش چېمپىيونلىرى بىلەن خىيالىي مۇسابىقىلىشەلەيدىغان ئۇس-
كۇنە ئىجاد قىلىندى. كۆرۈنمە چاستوتىلىق يۇمشاق دېتال دۇنيا-
غا كەلگەندىن كېيىن، سۇ ئۈزۈش ۋە سۇغا سەكرەش تەنھەرىكەت-
چىلىرى ئۆز ھەرىكىتىنى ئايرىم-ئايرىم سۈرەت قىلىپ چىقىرا-
لايدىغان بولدى. نورغۇن تەنھەرىكەتچىلەر بولەيكقا ئوخشاش تەخ-
مىن قىلىنغان دېڭىز يۈزى ئېگىزلىكىدە ئۇخلاپ، دېڭىز يۈزى
تۆۋەنلىكىدە مەشىق قىلماقتا. ھەربىر تەنھەرىكەتچى ئافېنادىكى
يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىزدەندى.

شۋېتسارىيىدىكى «ئالتۇن مىلتىق بېلىقى» شىركىتى دۇن-يادىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئولىمپىك ھەرىكىتى تېخنىكا شىركىتى. مەزكۇر شىركەتنىڭ بىر قىسىم يۇمشاق دېتاللىرىنى جۇملىدىن «ئالتۇن مىلتىق بېلىقى سۇ ئۈزۈش تېخنىكىسى»نى گېرمانىيە، كورىيە ۋە تايلاند قاتارلىق يىگىرمە نەچچە دۆلەت ئىشلىتىپ كەلمەكتە. ئامېرىكىدىكى 24 - نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئارزۇسىدا يۈرگەن تەنھەرى-كەتچىلەر «ئالتۇن مىلتىق بېلىقى» شىركىتىنىڭ يۇمشاق دېتا-لىنى ئىشلىتىشنى ئويلىشىپ يۈرمەكتە. مەزكۇر شىركەتنىڭ ئامېرىكىدىكى شۆبىسىنىڭ دىرېكتورى 2002 - يىلىدىكى قىش-لىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئۈلارنىڭ تېخنىكىسى يۈتكۈل دۇنيادىكى تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ 45 ئالتۇن مېدال ئېلى-شىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەنلىكى ئۈستىدە توختىلىپ: «بىز بىر ئىشقا قايتا - قايتا چۈشەنچە بەردۇق» دېدى. كورىيە ئېغىر-لىق كۆتۈرۈش ترېنېرى ئۆز كوماندىسىنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە تەييارلىق كۆرۈش باسقۇچىدا «ئالتۇن مىلتىق بې-لىقى» شىركىتىنىڭ يۇمشاق دېتالىنى ئىزچىل ئىشلىتىپ كېلى-ۋاتقانلىقىنى دەپ كېلىپ: «ئارتۇق سۆزلەشنىڭ ئورنى يوق، چۈنكى ھەممە نەرسە ئېكراندا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ» دېدى.

كۆرۈنمە چاستوتىلىق تەھلىل ئاپپاراتىدا سەۋەنلىك ۋە كې-تىپ قالغان جايلارنى ئىزدەپ تاپقانلىق مۇسابىقىنىڭ تەڭ ئۆلۈش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەسى-لىلەرنى ھەل قىلماق بەك تەس. ئەينى يىللاردا كانادالىق كېپى-نەكچىلەپ سۇ ئۈزۈش ماھىرى ماك مىتىك 2000 - يىلى سىدنېيدا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ 100 مېتىرلىق سۇ ئۈزۈش مۇسابىقە تۈرىدە مىللىمېتىر پەرق بىلەن بەشىنچى بولۇپ قېلىپ، ئالتۇن مېدالنى قولدىن كەتكۈ-زۈپ قويغانىدى. شۇ قېتىملىق مۇسابىقە تەھلىل قىلىنغاندىن

كېيىن، ئۇنىڭ ترېنېرى ماكنىڭ ئەمەلىيەتتە 75 مېتىر ئارىلىقتا كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى يەكۈنلىدى. تەھلىل چۈشەندۈرۈشىدە، ماك 50 مېتىر ئارىلىقتا كەينىگە ئۆرۈلۈپ جىددىي نەپەس ئال-غان، ئۇ جىددىي نەپەس ئارقىلىق ھارغىنلىقنى پەسەيتىدىغان ئوكسىگېنغا ئېرىشەلمىگەن. ماك «كۆچلۈك ئۆپكە» شىركىتى ئىشلەپچىقارغان ئەسۋابنى ئىشلەتكەن. بۇ ئەسۋابنى ئىشلەتكەن ئادەم كۆچلۈك نەپەس ئالىدۇ ھەم چوڭقۇر تىنىدۇ. مۇشۇ ئەسۋاب-نى بىر ھەپتە ئىشلەتكەندىن كېيىن، ماكقا ئۆپكىسىنىڭ ھەر-كەت مىقدارى ئاشقاندەك تۇيۇلغان.

بۇ ئۇسۇللارنىڭ رولى بولامدۇ، بولمامدۇ؟ ھەرىكەت ئالىم-لىرى ۋە بىر قىسىم ترېنېرلار مۇشۇ تېخنىكىلار ئارقىلىق تەنھە-رىكەتچىلەر ئۆز ئىپادىسىنى ئاز - تولا كۆتۈرەلەيدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ھالقىلىق ئىكەنلىكىنى تەن ئېلىشتى. ۋىكتورىيە تىنچ ئوكيان تەنھەرىكەت مەركىزىنىڭ مۇدىرى دوكتور گودېن سىلەي-ۋېت «كۆپ بولغاندا 5% يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ناۋادا 1% يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، سەككىزىنچى بولۇپ قالىدىغان تەنھەرىكەتچى ئالتۇن مېدال ئالالايدۇ» دېدى.

# بەشىنچى باب ئولىمپىك تراگېدىيىسى ۋە تراگېدىيىلىك شەخس

## گېتلېرنىڭ قۇربانى — مۇسابىقىگە قاتنىشالمىغان ئولىمپىك ماھىرى

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرى ئىدى. بوگمان گېرمانىيە يېنىك ئاتلېتىكا كوماندىسىنىڭ ئايال تەنھەرىكەتچىسى ئىدى. ئۇ 1936 ـ يىلى بېرلىندا ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقئارا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن تەييار بولۇپ تۇراتتى. بىراق، ھاكىمىيەت ناتسىستلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، بوگمان ۋە باشقا يەھۇدىي ماھىرلارغا گېرمانىيە تەنتەربىيە ھەرىكىتى كۇلۇبىغا، ھەتتا مۇسابىقىگە قاتنىشىشقا يول قويۇلمايدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. بوگمان قارشىلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن، ئەنگلىيىگە ۋەكىل بولۇپ مۇسابىقىگە قاتنىشىش ئۈمىدىدە لوندونغا كۆچۈپ كەتتى. 1935 ـ يىلى، ئۇ ئەنگلىيە ئېگىزگە سەكرەش چېمپىيونى بولدى.

بۇ ناتسىستلار يەھۇدىي تەنھەرىكەتچىلەرنى تازىلاش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈۋاتقان، ئامېرىكىدا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە بايقۇت قىلىش ھەرىكىتى قانات يېيىۋاتقان چاغلار ئىدى. ناتسىستلار خەلقئارا جامائەت پىكرىگە ئىتائەت قىلىپ، بوگماننى ئۆز ئىچىگە ئالغان 21 يەھۇدىينىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مەشىق لاگېرىدا مەشىق قىلىشىغا قوشۇلدى. بوگمان گېرمانىيىگە يەنە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر تەھدىتكە ئۇچرىغاندى (ئائىلىسىدىكىلىرى شۇ چاغدا گېرمان-

يىدە ئىدى).

بوگمان ئاجايىپ نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ناتسىستلار ئۇنىڭ غەيرىي يەھۇدىي تەنھەرىكەتچىلىرى بىلەن مۇسابىقىلىشىشىگە يول قويمىدى. ئامېرىكىنىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن بىرلەشمە بايقۇت ئېلان قىلىش تەھدىتى ئاستىدا، ناتسىستلار ئىلاجسىزلىقتىن بوگماننى دۆلەتلىك ئولىمپىك كوماندىسىنىڭ ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلدى. بوگماندىن باشقا يەنە يەھۇدىي ئايال قىلىچۋازلىق ماھىرى — ھېلىن مايلېرمۇ بار ئىدى. ھېلىن مايلېر ئامىستېردامدىكى مۇسابىقىدە قىلىچۋازلىقتا چېمپىيون بولغانىدى. ئولىمپىك مۇسابىقىسى 1936 ـ يىلى بېرلىندا ئۆتكۈزۈلگەندە، جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى بىلەن ئۇنىڭ گېرمانىيىگە ۋەكىل بولۇپ مۇسابىقىگە قاتنىشىشىغا ئامال يوق يول قويۇلغانىدى.

1936 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، بوگمان ئېگىزگە سەكرەش تۈرىدە گېرمانىيە رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى (ئامېرىكا كوماندىسى ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرگە ماڭغاندىن كېيىن) بوگمان گېرمانىيە ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. خەتتە: «يېقىنقى مەزگىللەردىكى خىيالىڭىزنى ئەسلەپ بېقىڭ، سىز دۆلەتلىك كوماندىغا تاللىنىمەن دەپ خام خىيال قىلماڭ» دېيىلگەنىدى. خەت: «ياشىسۇن، گېتلىر!» دېگەن سۆز بىلەن ئاياغلاشقانىدى.

بۇ كىشىنى ئۈمىدسىزلىككە سالىدىغان خەت ئىدى. بوگماننىڭ يىگىتى رامبوتېر (ئۇمۇ يەھۇدىي تەنھەرىكەتچى) ئەسلەپ: «شۇ چاغدا ناتسىستلار گېرمانىيىسىگە ۋەكىل بولۇشنى ئويلىساق ئۆزىمىزدىن يىرگىنىپ كېتەتتۇق. لېكىن شۇنداقتىمۇ، مەن جىنىمنىڭ بېرىچە مۇسابىقىگە قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشنى ئويلايتتىم ... مېنىڭ مۇددىئايىم باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاشمايتتى ... مەن كىشىلەرگە يەھۇدىيلارنىڭمۇ ئاجايىپ ئىشلار-

نى قىلالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى ئىدىم. تالانتىمنى قورال قىلىپ ناتسىستلارنىڭ ئىدىئولوگىيىسىگە قارشى چىقماقچىدىم» دېگەنىدى. ناتسىستلار ھەجۋىي رەسىملەر ئارقىلىق يەھۇدىيلارنى «پور كۆتەك، ئىچ مايماق، بىچارە چىراي» دەپ مازاق قىلاتتى. بوگمان دەرھال رەددىيە بېرىش خىيالىغا كەلدى. كېيىن ئۇ: «بۇ ئاسان يىرتىۋەتكىلى بولىدىغان نىقاب. ئۇلارنىڭ ئەزەلدىن مېنى دۆلەتلىك ئولىمپىك كوماندىسىغا قوبۇل قىلىش خىيالى يوق ئىدى» دېگەنىدى.

ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلگەن بوگمان 1937 ـ يىلى ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەتتى ۋە ئېگىزگە سەكرەش تۈرى بىلەن چويۇن توپ تۈرىدە مەملىكەت بويىچە چېمپىيون بولدى. 1938ـ يىلى، ئۇ يەنە ئېگىزگە سەكرەش بويىچە ئۇدا چېمپىيون بولدى. كۆپ ئۆتمەي بوگمان يىگىتى — برونو رامبوتېر بىلەن جەم بولدى. ئۇ 1980 ـ يىلى خەلقئارالىق مەشھۇر يەھۇدىي تەنھەرىكەتچىلەر خاتىرە سارىيىنىڭ خاتىرە ئىزنىكىگە مۇيەسسەر بولدى.

بوگمان گېرمانىيىدىن ئايرىلغان چاغدا، بۇ ئىككى يەھۇدىي تەنھەرىكەتچىسى (برونو رامبوتېر قىسقا مۇساپىگە يۈگۈرۈش ماھىرى ئىدى. لېكىن دۇنياۋى ماھىر ئەمەس ئىدى) كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزلىرىنىڭ جەم بولۇش ـ بولماسلىقىغا بىر نېمە دېيەلمەيتتى. رامبوتېر ئاخىر ئامېرىكىغا كەلدى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى نيۇيوركتا ئولتۇراقلىشىپ قالدى.

1996 ـ يىلى، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئاتلانتادا ئۆتكۈزۈلگەن چاغدا، گېرمانىيە ئولىمپىك كومىتېتى بوگماننى مۇسابىقىگە ئەزىز مېھمان سۈپىتىدە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى. بوگمان تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. ئۇ مۇخبىرغا: «مەن ئەمدى پۈتكۈل گېرمانىيىلىكلەردىن نەپرەتلەنمەيمەن. مەن ئىلگە-رى خېلى يىللارغىچە مۇشۇنداق ھېسسىياتتا بولغانىدىم. ئالدىن-

قىلار ئۆتكۈزگەن خاتالىقلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى گېرمانىيە ياش- لىرى ئۈستىگە ئالسا بولمايدۇ. شۇڭا بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدىم ... ئاتلانتاغا بېرىش مېنىڭ روھىي ھالىتىم ئۈچۈن پايدى- لىق. بۇ مەندىكى ئەرۋاھقا ئوخشاش ھەمراھ بولۇپ كېلد- ۋاتقان دۈشمەنلىك قاراشنى سۇسلاشتۇرىدۇ» دېگەنىدى.

## ميونخېن ۋەقەسى — زامانىمىزدا يۈز بەرگەن ئولىمپىك تارىخىدىكى كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغان تراگېدىيە

1936 ـ يىلىدىن كېيىن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 1972 ـ يىلى يەنە گېرمانىيىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىگەندە، ناتسىستلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولىدۇ. شۇ چاغدا ئادولف گېتلېر ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن پايدىلىنىپ دۇنيا سەھنىسىدە شىمالىي ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ «ئىرقىي ئۈستۈنلۈكى»نى كۆز ـ كۆز قىلماقچى بولغانىدى.

كۆپلىگەن گېرمانىيىلىكلەر 1972 ـ يىلىدىكى ميونخېن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە بۇرۇن گېتلېر پەيدا قىلغان ئىرقىي جاراھەت ئاسارىتىنىڭ يوقاپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىشاتتى. شۇ چاغدا دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە سىياسىي ۋەزىيەت داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان ھالەتتە ئىدى: ۋيېتنام ئۇرۇشى كەسكىن كېتىۋاتاتتى، ئىرقىي كەمسىتىش ئامېرىكىدا ئېغىر ئىدى، ئوتتۇرا شەرقتە زوراۋانلىق ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتاتتى. گېرمانىيە پرېزىدېنتى گوستاف ھىنسمان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى «ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ۋە يېڭى تۇرمۇش يولىغا قەدەم قويۇشنىڭ ئابىدىسى» دەپ تونۇپ، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ميونخېندا ئۆتكۈزۈلۈشىنى قىزغىن قارشى ئالدى.

1972 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، تەخمىنەن تاڭ سەھەر سائەت تۆت يېرىملاردا، «زۇلمەتلىك سېنتەبىر» تېررورلۇق

تەشكىلاتىنىڭ پەلەستىنلىك 8 ئەزاسى مىيونخېندىكى ئولىمپىك كەنتى ئەتراپىدىكى توساق سىمنى كېسىپ، مۇسابىقىگە قاتنى-شىش ئۈچۈن كەلگەن ئىسرائىلىيە ماھىرلىرى چۈشكەن ئىككى بىناغا كىرىپ، ئىسرائىلىيىلىك ئىككى ماھىرنى ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈۋەتتى. چېلىشىش ماھىرى جوزىف رومانو بىر تېرروورچىنىڭ قولىدىكى قورالنى تۇتۇۋالغان بولسىمۇ، ئوق تې-گىپ ئۇمۇ قازا قىلدى. چېلىشىش ترېنېرى موش ۋېنبورگ قولىدىكى پىچاق بىلەن بىر تېرروورچىغا ھۇجۇم قىلدى، نەتىجىدە ئۇمۇ ھاياتىدىن ئايرىلدى. ئىككى مېھمانخانا ئىگىلىنىپ بولغان-دىن كېيىن، تېرروورچىلار 9 ئىسرائىلىيىلىك ماھىرنى گۆرۈگە تۇتۇۋالدى.

«زۇلمەتلىك سېنتەبىر» تەشكىلاتىنىڭ تېرروورچىلىرى ئىسرائىلىيە تۈرمىسىدىكى 200 پەلەستىنلىكنى ۋە گېرمانىيە تۈرمىسىدىكى 2 پەلەستىنلىكنى قويۇپ بېرىش تەلىپىنى ئوتتۇر-غا قويدى.

ئىسرائىلىيە تەرەپ تېرروورچىلارنىڭ تەھدىتىگە ھەيران بول-دى. ئۇلار تېرروورچىلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. ئىسرائىلىيە گېرمانىيە ھۆكۈمىتىگە گۆرۈگە ئېلىنغان تەنھەرىكەتچىلەرنى قۇ-تۇلدۇرۇش ھەرىكىتىگە ئىسرائىلىيە ئالاھىدە قوراللىق قىسىملى-رىنىڭ ھەمكارلىشىشىنى ئىلتىماس قىلدى. گېرمانىيە ھۆكۈمى-تى بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى. گۆرۈگە ئېلىنغانلارنى قۇتۇلدۇ-رۇش تەجرىبىسى بولمىسىمۇ، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ساقچى كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىشنى ئويلايتتى.

گېرمانىيە جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرى مانفرىت سىلبور ۋە مىسىر ئولىمپىك تەنھەرىكەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئەھمەد تونى بىلەن تېرروورچىلار ئوتتۇرىسىدا سۆھبەت باشلاندى. گېرمانىيە تېرروورچىلارغا نۇرغۇن پۇل بېرىلىدىغانلى-قىنى، ئۇلارنىڭ گۆرۈگە ئېلىنغانلارنى قويۇپ بېرىشىنى تەلەپ

قىلدى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، تېررورچىلار پۈلنىڭ ئۇلار ئۈ-
چۈن كېرەكسىز نەرسە ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىشقا جانلىرىنى ئاتىۋەت-
كەنلىكىنى ئېيتقان، تېررورچىلار ئۆزىنى قاھىرەگە ئاپىرىپ
قويۇشنى تەلەپ قىلدى. گېرمانىيە بۇنى دۈشمەننى ھىيلە بىلەن
ئۈۋىسىدىن ئايرىشنىڭ پۇرسىتى دەپ بىلىپ، تېررورچىلارنى
مېھمانخانىدىن ئالداپ ئاچىقىپ ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئاشكارى-
لاش مەقسىتىدە تېررورچىلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى.
5 ـ چىسلا كەچ سائەت 10 دا، تېررورچىلار بىلەن گۆرۆگە
ئېلىنغانلار چۈشكەن ئىككى تىك ئۇچار ئايروپىلان فوستىن فورد-
بولوك ھاۋا ئارمىيە بازىسىغا قاراپ يولغا چىقتى. بازىدا ئۇلارنى
يەنە بىر ئايروپىلان ساقلاپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن باشقا، بازىدا
گېرمانىيە ساقچىلىرى، بەش مەرگەن تەييار بولۇپ تۇراتتى.
ئۇلار تېررورچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن بازىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغا-
نىدى. بۇ مەرگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسى كەسپىي تەربىيە كۆرمىگە-
نىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوراللىرىمۇ ئىلغار ئەمەس ئىدى. قارىغا
ئېلىش دۇربۇنى ھەم كېچىدە كۆرۈش ئەسۋابىمۇ يوق ئىدى.
تېررورچىلار ئايروپىلاندىن چۈشۈشى بىلەن گېرمانىيە تەرەپ تېر-
رورچىلارنىڭ 8 ئادەم ئىكەنلىكىنى بايقاپ ھەيران بولۇشتى.
چۈنكى ئۇلار تېررورچىلارنى 5 ئادەم دەپ بىلەتتى. ئىككى تەرەپ
ئېلىشتى. تېررورچىلارنىڭ 2 سى ئۆلۈپ، بىرسى يارىلاندى.
تاڭ ئاتاي دېگەن چاغدا بىر تېررورچى تىك ئۇچار ئايروپىلاندىن
سەكرەپ چۈشۈپ، شۇ ئايروپىلانغا قول بومبىسى ئاتتى. ئايروپە-
لان گۆرۆگە ئېلىنغان 4 ئادەم بىلەن بىللە پارتلاپ كەتتى. تىك
ئۇچار ئايروپىلان كۆيۈۋاتقان چاغدا، قالغان تېررورچىلار يەنە بىر
تىك ئۇچار ئايروپىلاندىكى گۆرۆگە ئېلىنغانلارغا ئوت ئاچتى.
گېرمانىيە ساقچى تەرەپ 5 تېررورچىنى يوقاتتى. 3نى قولغا
ئالدى. 11 ئىسرائىلىيە تەنھەرىكەتچىسى زىيانكەشلىككە ئۇچرى-
دى. ئۇلارنىڭ 9ى ئايرودرومدا قازا قىلدى. گېرمانىيىلىك بىر

ساقچى ئوق تېگىپ ھاياتىدىن ئايرىلدى. تاڭ سەھەر سائەت ئۈچ بولغاندا، ئامېرىكا رادىئو شىركىتى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقە ئوبزورچىسى دىم مايكاي نەق مەيداندىن ھەسرەت بىلەن كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ: «ئۇلار كېتىپ قالدى، ھەممىسى كېتىپ قالدى» دەپ خەۋەر بەردى. خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى: «يازلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسى داۋام قىلسۇن» دەپ قارار چىقاردى. قىساس ئېلىنىشتىن ئەنسىرىگەن ئىسرائىلىيە كوماندىسى بىلەن مىسىر كوماندىسى 6 - ۋە 7 - چىسلا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن چېكىندى.

ئارىدىن 30 يىل ئۆتۈپ كەتتى. كىشىلەر بۇ پاجىئەنى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارا - بارا ئۇنتۇدى. 1972 - يىلى مىيونخېندا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مۇنداق بىر ئىشنى چۈشەندۈرۈپ بەردى: شۇ قېتىملىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە كىشىنى تاڭ قالدۇرغان ماك شىپىتىس، جەلپكار ناۋكا كوبوت ۋە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى داۋامىدا ئىزچىل توقۇنۇشۇپ كېلىۋاتقان ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋاسكېتبول تۈرىدە مۇسابىقىگە چۈشكەندىن باشقا قورقۇنچلۇق تېررورچىلارنىڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈش دېلوسىمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئامېرىكا كوماندىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى كوماندىسى ئارىسىدا ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى بولۇۋاتاتتى. بۇ كومېدىيە تۈسىنى ئالغان مۇسابىقە بولغانىدى. مۇسابىقە ئاخىرلىشىشقا 6 سېكۇنت قالغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى كوماندىسى 48 : 49 نەتىجە بىلەن ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. ئامېرىكا كوماندىسىدىكى داۋگىل كولىنس پاس بېرىلگەن توپنى گارغا ئېتىش ئالدىدا تۇراتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىككى ۋاسكېتبولچىسى كولىنسنى يىقىتىۋەتتى. كولىنس گارغا ئىككى قېتىم توپ ئېتىپ، ئىككىلا توپنى گارغا كىرگۈزدى. پۇشتەك چېلىندى. ئامېرىكا كوماندىسى 49 : 50 نەتىجە بىلەن غەلىبە قىلدى. كوماندا ئەزالىرى

خۇشاللىقىدا ئالقىش ياڭرىتىشتى. لېكىن ۋېنگىرىيىلىك رېپېر مۇسابىقىنىڭ ئاخىرلاشمىغانلىقىنى، يەنە بىر سېكۇنت بارلىقىدىنى، مۇسابىقىنىڭ داۋام قىلىدىغانلىقىنى دېدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كوماندىسىدىن بىرەيلەن گارغا يىراقتىن توپ ئاتتى. توپ قېيىپ كېتىپ گارغا كىرمىدى. يەنە ئامېرىكا كوماندىسى غەلىبە قىلدى. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئەنگلىيىلىك بىر ئەمەلدار ئوتتۇرىغا چىقىپ: ۋاقىت ھېسابلىغۇچتا چاتاق بارلىقىنى، مۇسابىقە ئاخىرلىشىدىغانغا يەنە 3 سېكۇنت بارلىقىنى، مۇسابىقىنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى جاكارلىدى. ئامېرىكا كوماندىسى قايتا ـ قايتا نارازىلىق بىلدۈردى. ئۇلار يەنىلا بوي سۇندى. ئىككى كوماندا ئۈچىنچى قېتىم مەيدانغا چۈشكەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى كوماندىسىدىكى بىرەيلەن گار تۈۋىدە تۇرغان ئالېكساندىر بىلوۋغا پاس بەردى. ئالېكساندىر توپنى قىينالمايلا گارغا كىرگۈزۈۋەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى كوماندىسى 51:50 نەتىجە بىلەن گومانغا تولغان چېمپىيونلۇق شەرىپىگە ئېرىشتى. ئامېرىكا كوماندىسى مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمىدا كۈمۈش مېدالنى ئېلىشنى رەت قىلدى.

«ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق بىر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىنى كۆرگۈم بار، — دەيدۇ ئىسرائىلىيىگە ۋەكىل بولۇپ مۇسابىقىگە قاتناشقان قوش سالاھىيەتلىك ئامېرىكىلىق مەرھۇم ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ماھىرى دەيۋى بوردىنىڭ ئاتىسى دوكتور بىنجامىن بوجا، — ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئاشۇ تەنھەرىكەتچىلەر ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تېرروررلۇقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلار ئۈچۈن بىردەم سۈكۈت قىلسا بولاتتى.»

«1972 ـ يىلى مىيونخېندا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە يۈز بەرگەن گۇناھسىز ماھىرلارنى قەست-

لەش دېلوسى ئولىمپىك ھەرىكىتى قىممىتىگە بىۋاستە زەربە بولدى، — دېگەنىدى روگ ئۆزىنىڭ بىر باياناتىدا، — ئۆلارغا بولغان ھۆرمەت ۋە كەلگۈسىگە بېشارەت بېرىش يۈزىسىدىن، مىيونخېن ۋەقەسىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنى مەڭگۈ ئۈنتۈپ قالماسلىقىمىز كېرەك.»

# ئالتىنچى باب ئولىمپىك جۇڭگودا

جۇڭگودا، مۇشۇ كۈنگە قەدەر ھەرقانداق بىر تەنتەربىيە ئاتالغۇسىدا مودا بولۇپ كەتكەن «ئولىمپىك» دېگەن كەسپىي ئاتالغۇ يوق. نۆۋەتتە، مۇشۇ مەدەنىيەت ئاتالغۇسى بولمىسىمۇ، بۇنى ھەر كەسىپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ: ئېلىمىز خەلقى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىنى كۆرىدۇ؛ ئولىمپىك چېمپىيونلىرى مىللىي قەھرىمان دەپ سانىلىدۇ؛ چېمپىيونلار ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، گوۋۇيۈەن ئۇلارنىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزىدۇ. بۇ كاتتا زىياپەتكە ئېلىمىزنىڭ يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىرى قاتنىشىدۇ. خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى ھەيئەت ئەزالىرى، بولۇپمۇ ئولىمپىك كومىتېتى رەئىسى ھەم ئۇنىڭ خانىمى گويا پادىشاھ ۋە خانىشلارغا ئوخشاش قىزغىن قارشى ئېلىنىدۇ. تېلېۋىزور ۋە گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ئائىت خەۋەرلەر ئۈزۈلمەي بېرىلىپ تۇرىدۇ. ھەريىلى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك كۈنىدە ئولىمپىك ھەرىكىتىنىڭ بەش ھالقىلىق بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن كالتە يەڭ مايكا كىيىشكەن كىشىلەر توپ ـ توپ بولۇشۇپ ئۇزۇنغا يۈگۈرەيدۇ. ھەريىلى ئولىمپىك كومىتېتى رەئىسىنىڭ ياردىمىدە، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى رەئىسىنىڭ نامىدا ئون مىڭلىغان ماھىرلار بىر قېتىملىق لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزىدۇ. ئېلىمىز خەلقى ئېلىمىزنىڭ ئولىمپىك چېمپىيونلىرى ئۈستىدىلا ئەمەس، جۈملىدىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تەنتەربىيە ئەزىمەتلىرى ئۈستىدىمۇ قىزغىن پاراڭ قىلىشىدۇ.

مۇبالىغە قىلماي دېيىشكە بولىدۇكى، «ئولىمپىك» دېگەن بۇ تېرمىن ئېلىمىز جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا چوڭقۇر سىڭىپ، ھەرقايسى كەسىپتىكىلەرگە تونۇشلۇق بولۇپ كەتتى.

## تارىخي ئارقا كۆرۈنۈش

ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ئېلىمىزنىڭ قايسى يىلى تۇنجى قېتىم قاتناشقانلىقىنى كۆپچىلىكنىڭ بىلگۈسى كېلىدۇ. بەزىلەر 1896 - يىلى تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى تىلغا ئالسا، يەنە بەزىلەر چىڭ سۇلالىسى (1644 — 1911) نىڭ ئاخىرقى يىللىرى، سىشى تەيخۇ (1835 — 1906) ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغلارنى تىلغا ئالىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ تەكلىپنامىسىنى قوبۇل قىلىپ ئالغاندا، ئوردىدىكىلەر «ئولىمپىك» نىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن. «ئولىمپىك» نىڭ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەندە، سىشى تەيخۇ ئىختىيارسىز قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئوردىدا يۈگۈر - يېتىم ئىشلارنى قىلىدىغان دورغىلارنى ئەۋەتەيلى، ئۇلار بەك تېز يۈگۈرەيدۇ» دېگەنىكەن. بۇ كىشىلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولالماي بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالغان سىشى تەيخۇ توغرىسىدىكى بىر لەتىپە بولۇشى مۇمكىن. چىڭ سۇلالىسى خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ تەكلىپنامىسىنى تاپشۇرۇۋالغانمۇ، يوق، بۇ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر بىر تېپىشماق.

مۇشۇ مەسىلىگە جاۋاب تېپىش ئۈچۈن، دۆلەتلىك يىنىك ئاتلېتىكا ترېنېرى لوئېنجۇن بېيجىڭ خان سارىيىغا بېرىپ چىڭ سۇلالىسى ئارخىپلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەن، بىر دۆۋە ماتېرى-

ياللار ئالدىدا قاراڭغۇ جاڭگالغا كىرىپ قالغاندەك بولۇپ قالغان. 1995 ـ يىلى، ئېلىمىز ئولىمپىك كومىتېتىدىكى بىر قىسىم ئەمەلدارلار لوزاننا خەلقئارا ئولىمپىك مۇزېيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا، ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئۇلار ئامبارچىدىن: بىرىنچى نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ھەربىر دۆلەت تەكلىپكە بىنائەن قاتناشقان ئەمەس دېگەن جاۋابقا ئېرىشكەن.

تېپىلغان مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، ئېلىمىز بىرىنچى نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تەكلىپنامىسىنى تاپشۇرۇۋالمىغان بولۇشى مۇمكىن، بەزى كىتابلاردا «لى خۇڭجاڭ باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ياۋروپا ۋە ئامېرىكىغا بارغان» لىقى يېزىلغان. شۇ چاغدا، لى خۇڭجاڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ خېيىپىدا تۇرۇشلۇق باش ھەربىي ۋالىيسى ئىدى. ئۇ 1896 ـ يىلى ياۋروپاغا زىيارەتكە بارغان، فرانسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئۇنىڭغا: بىرىنچى نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ياۋروپادا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ فرانسىيىگە يەنە كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئەمما، ئېلىمىزنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا تەكلىپ قىلىنغان ـ قىلىنمىغانلىقى تىلغا ئېلىنمىغان.

ئۇنداقتا، ئېلىمىز تەكلىپكە بىنائەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە بىرىنچى قېتىم قايسى يىلى قاتناشقان؟ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، 1922 ـ يىلى، ئېلىمىز تاشقى ئىشلار ئەمەلدارى ۋاڭ جېڭتىڭ خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلانغان. شۇ كۈندىن باشلاپ، ئېلىمىزنىڭ تەنتەربىيە تەشكىلاتلىرى خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەسمىي ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. 10 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 1922 ـ يىلى لوس ئانگېلېستا ئۆتكۈزۈلگەن چاغدا، ئېلىمىز تەنھەرىكەتچىلەرنى ئولىمپىك

تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ئەۋەتىش توغرىسىدىكى تەكلىپنامىنى بىرىنچى قېتىم تاپشۇرۇۋالدى. لېكىن، 9 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئامىستېردامدا ئۆتكۈزۈلگەن چاغدا، ئېلىمىز سۆڭ رۇخەي ئىسىملىك بىر تاشقى ئىشلار ئەمەلدارىنى ئەۋەتتى. ئۇ كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە شۇ قېتىملىق مۇسابىقىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. ئۇنىڭدىن باشقا، خې خاۋخۇا ئىسىملىك چەت ئەلدىكى جۇڭگولۇق ئېلىمىزگە ۋەكىل بولۇپ ۋېلىسىپىت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئۆزىنى تىزىملاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇ يارىلىنىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. مەيلى نېمە بولسۇن، ئۇ تۇنجى جۇڭگولۇق ئولىمپىك تەنھەرىكەت ماھىرى. پروفېسسور ۋۇ ۋېنجوڭ ئۆزىنىڭ «جۇڭگونىڭ يېقىنقى يۈز يىللىق تەنتەربىيە تارىخى» دېگەن كىتابىدا، ئېلىمىز سۆڭ رۇخەينى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە بىرىنچى قېتىم قاتناشقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ ئىشنى سۆڭ رۇخەيمۇ ئۆزىنىڭ «دۇنيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى توپلاملىرى»دا تىلغا ئالغاندى.

ئېلىمىزنىڭ بىر ئەمەلدارى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە پەيدا بولغان، بىر تەنھەرىكەت ماھىرى 9 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە پىدائىي بولۇپ قاتناشقان بولسىمۇ، لېكىن، ئېلىمىز 1932 ـ يىلىلا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئېلىمىز ھۆكۈمىتى شۇ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ھەقىقىي قاتناشمىدى. شۇ چاغدا ياپونىيە تاجاۋۇزچىلىرى ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال رايونىنى بېسىۋېلىپ، قورچاق مانجۇرىيە دۆلىتىنى تىكلىگەنىدى. كىشىلەرگە بۇ پاكىتنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ياپونىيە تاجاۋۇزچىلىرى قورچاق ھۆكۈمەت نامىدا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە لىيۇ چاڭچۈننى ئەۋەتتى.

ئۇمىدلىك بۇ ماھىر 1932 ـ يىلىدىكى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ئۆزى يالغۇز باردى. ئەمما، بۇ ۋەتەنپەرۋەر تەنھە- رىكەتچى «داگوڭباۋ گېزىتى»دا بايانات ئېلان قىلىپ، ئاتالمىش قورچاق مانجۇرىيە دۆلىتىگە ۋەكىل بولۇپ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە پەيدا بولۇشنى رەت قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ۋەتەنپەرۋەر گېنېرال جاڭ شۆلياڭ ياپونىيە جاھانگىرلىكىنىڭ سۈيىقەستىنى پاش قىلىپ، ليۇ چاڭ- چۈننىڭ جۇڭگوغا ۋەكىل بولۇپ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقە- سىگە قاتنىشىشىغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇ شەر- قىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا ليۇ چاڭچۈن بىلەن ئۇنىڭ ترېنېرى سوڭ جۇنشاننىڭ جۇڭگوغا ۋەكىل بولۇپ 10 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدى- غانلىقىنى ئېلان قىلدى.

جاڭ شۆلياڭ 2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ ھونولۇلۇدا ۋاپات بولدى. ئۇ ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر گېنېرال بولۇپلا قالماي، ئېلىمىز كوماندىسىنىڭ ئولىمپىك تەن- ھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشىغا ياردەم قىلغان بىرىنچى زات. ئېلىمىز خەلقىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن باھاسى ناھايىتى يۇقى- رى. ليۇ چاڭچۈن 100 مېتىر ۋە 200 مېتىرلىق ئارىلىقتا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنىڭ تەييارلىق باسقۇچىدا 11:1 ۋە 22 سېكۇنتلۇق نەتىجە بىلەن شاللىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئېلىمىز- نىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشىدا يول ئاچ- قۇچى ئاۋانگارت بولۇپ قالدى. بۇ شۇ چاغدىمۇ ۋە كېيىنكى چاغلاردىمۇ جاپا ـ مۇشەققەتكە تولغان يول ئىدى.

# ئېلىمىزنىڭ ھەر نۆۋەتلىك يازلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدىكى ئىپادىسى

## 10 ـ نۆۋەتلىكتىن 16 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى

1932 ـ يىلى، ئېلىمىز 10 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. گەرچە مۇسابىقىگە بىرلا ماھىر قاتناشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىش دۇنيانىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. بۇنداق بولۇشىنى ئېلىمىز ھۆكۈمىتىمۇ ئويلىمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كىشىلەر مۇشۇنداق چوڭ بىر دۆلەتتىن مۇسابىقىگە بىر ماھىرنىڭ كەلگەنلىكىدىن ئەپسۇسلانغاندەك بولۇشتى. 1935 ـ يىلى، 11 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى باشلىنىشتىن بىر يىل بۇرۇن، ئېلىمىز ھۆكۈمىتى مۇسابىقە تەييارلىق ئىشلىرى ئۈچۈن 2 مىليون يۈەن راسخوت ئاجراتتى ھەم ئەڭ ماھىر تەنھەرىكەتچىلەرنى تاللاپ، نۇرغۇن مەشىق كۇرسلىرىنى تەسىس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەك تەشكىل قىلىندى. بۇ ئۆمەك تەركىبىدە يېنىك ئاتلېتىكا، سۇ ئۈزۈش، ۋاسكېتبول، پۇتبول، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش، بوكس ۋە ۋېلىسىپىت تۈرلىرى بويىچە 69 تەنھەرىكەتچى، 39 كۆزەتكۈچى ۋە ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى جانبازلىق ماھىرلىرىدىن 9 كىشى بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا مۇخبىر ۋە ساياھەتچىلەر بولۇپ جەمئىي 150 ئادەم بىرلىنغا قاراپ يولغا چىقتى.

ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، جانبازلىق ئۆمىكىدىكىلەر دانىيە، شۋېتسىيە، چېخوسلوۋاكىيە،

ۋېنگرىيە، ئاۋستىرىيە ۋە ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە باردى. ئۇلار بارغانلىكى دۆلەتلەردە ئەلچى سۈپىتىدە قىزغىن قارشى ئېلىندى. ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۇلارنىڭ قۇرۇق قول كۆرسەتكەن ئېسىل نومۇرلىرىغا ۋە قىلىچۋازلىق ھەم نەيزىۋازلىق جەھەتتىكى ماھارەتلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىشتى. كېيىن، بۇ ئۆمەك ئەزالىرى مەشھۇر جانبازلىق ئۇستازلىرىغا ئايلاندى. بەزىلىرى پروفېسسور، بەزىلىرى دۆلەتلىك كوماندىنىڭ باشلىقى بولدى. جۇڭگو جانبازلىق بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى جىڭ خۇەيشەن ۋە بېيجىڭ تەنتەربىيە ئىنستىتۇتىنىڭ 89 ياشلىق پروفېسسورى جاڭ ۋېنگۇاڭ شۇ ئۆمەكتىن چىققانىدى. تەنتەربىيە مۇئەللىمى ۋە ئالىم سۈپىتىدىكى كۆزەتكۈچىلەر ياۋروپادا ئالتە ھەپتىدەك تۇردى. ئۇلار تۇرلۇك تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە باشقۇرۇش چارىلىرىنى ۋە بەدەن ئىقتىدارى مەشىق ئۇسۇللىرىنى ئۆگەندى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شۇ قېتىمقى ئۆگىنىش ھەم زىيارەتنىڭ ئۇلارنىڭ ۋەتەنگە قايتقــاندىن كېيىنكى خىزمەتلىرى ئۈچۈن پايدىسى چوڭ بولدى.

تەنتەربىيە مۇسابىقىسىگە قاتناشقان ئېلىمىز ماھىرلىرى بىرەرمۇ مۇكاپاتقا ئېرىشەلمىدى. فۇ باۋلۇدىن باشقا ماھىرلارنىڭ ھەممىسى تۇنجى مۇسابىقىدىلا شاللىنىپ كېتىشتى. فۇ باۋلۇ خادىغا تايىنىپ ئېگىزگە سەكرەشتە 4.015 مېتىرلىق نەتىجە بىلەن مەملىكەتلىك رېكورتنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ماھىر ئىدى. بېرلىندىكى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئۇنىڭ نەتىجىسى 4 مېتىرغا يەتمىدى. ئۇ ۋەتەنگە قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ھاۋا ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا قازا قىلدى. ئېلىمىز ئۆمىكىدىلەرنىڭ باشقا تۈرلەردىكى ئىپادىسىمۇ كىشىنى بەك مەيۇسلەندۈرىدۇ. مەسىلەن، مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە چۈشكەن ماھىرىمىز ئاخىرقى نۇقتىغا چىمپىيون بولغۇچى-

دىن بىر سائەت كېيىن يېتىپ باردى. ئېلىمىز ۋەكىللەر ئۆمىكى دوكلات قىلغاندا «بىز نۆلدىن باشقا ھېچنېمە ئېلىپ كېلەلمىدۇق، بۇ بەك ئازابلىق ئىش بولدى» دېدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغانلىق سەۋەبىدىن 12 ـ، 13 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلمىدى. 1947 ـ يىلى، ئېلىمىز ياندۇرقى يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان 14 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن تەييارلىقنى باشلىۋەتتى. رېكورتنى نۆلدىن بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن، ئېلىمىز تەنتەربىيە كوماندىسى 10000 مېتىرلىق، 400 مېتىرلىق ئارىلىققا يۈگۈرۈش، مارافونچە يۈگۈرۈش، 400 مېتىرلىق توساق ئاتلاپ يۈگۈرۈش، 100 مېتىرلىق ئارىلىققا ئەركىن سۇ ئۈزۈش ۋە 1000 مېتىر ئارىلىقتىكى ۋېلىسىپىت مۇسابىقە تۈرلىرىدە مەشىق قىلدى. ۋاسكېتبول ۋە پۇتبول تۈرلىرىدە تاللاش مۇسابىقىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ مەشىقنى كۈچەيتتى.

لېكىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئىشىغا قىزغىن مۇئامىلە قىلمىدى. ئاران 25 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى راسخوت ئاجراتتى. 70 مىڭدىن 80 مىڭغىچە ئامېرىكا دوللىرى كەملەيتتى. بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەرنى پايدىسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئېلىمىز خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قىزغىنلىقى يۇقىرى بولغانلىقتىن قىسمەن راسخوتنى مەملىكەت ئىچىدە ئىئانە توپلاش يولى ئارقىلىق ھەل قىلىشقا توغرا كېلەتتى. خامچوتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ۋاسكېتبول كوماندىسى بىلەن پۇتبول كوماندىسى شياڭگاڭ، شىگوڭ، مانىلا، بانكوك، سىنگاپور، ياڭگۇاڭ ۋە كالكوتتا قاتارلىق شەھەرلەردە سەييارە مۇسابىقە ئۆتكۈزدى. ۋاسكېتبول كوماندىسى 15 مەيدان، پۇتبول كوماندىسى 32 مەيدان مۇسابىقىگە چۈشۈپ، ئىشىك بېلىتىدىن كىرگەن

كىرىم بىلەن مەبلەغ توپلىدى. 7 ـ ئايدا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ئۆلگۈرۈپ لوندونغا باردى، چىقىمنى ئازايتىش ئۈچۈن 48 ئادەمگە 4 تونىنا يېمەكلىك ئېلىۋالدى.

مۇسابىقە نەتىجىسى كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدى. پۈتكۈل كوماندا بىرمۇ نەتىجە قازىنالمىدى. لىللا گەپ قىلغاندا، تەنھەرىكەتچىلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. لو ۋېنئاۋنى مىسال قىلساق، ئۇ گاچا ئىدى، ئۇ 10000 مېتىرلىق يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە چۈشتى. لاتا چەملىك ئاياغ كىيگەن بۇ تەنھەرىكەتچىنىڭ پۈتى يۈگۈرۈش داۋامىدا سۇ كۆتۈرۈپ كەتتى. ئېلىمىز ۋاسكېتبول كوماندىسى مۇسابىقىگە چۈشكەن كوماندىلار-نىڭ 18 ـ چىسى بولدى. ئېلىمىزنىڭ ۋېلىسىپىت تۈرى ماھىرى خې خاۋخۇا ئاخىرقى نۇقتىغا يېقىنلاپ كۈمۈش مېدالغا ئېرىشىدى-غان چاغدا، ئويلىمىغان يەردىن ۋېلىسىپىتتىن يىقىلىپ چۈشتى.

جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى قەرز ئېلىپ ۋەتەنگە قايتتى. بۇ ئىنتايىن ئېغىر ئىش ئىدى. لېكىن ئېلىمىز ماھىرلىرى ئاق كۆڭۈل ۋە دوستانە ئەنگلىيە خەلقىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئەنگلىيەـ لىك بالىلار ئۇلارغا ئىمزاسىنى قويدۇردى. لوندون ئاھالىلىرى ئۇلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار بىرمىنھام سارىيىدا خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. بۇ ئىشلار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى توختىتىلغان 12 يىل داۋامىـ دا، دۇنيا خەلقى تىنچلىققا تولغان دۇنيا قۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى-نى تونۇپ يەتكەن.

1948 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىـ قىسىدىن كېيىن، ئېلىمىزدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەر-دى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، ياندۇرقى يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. يېڭى جۇڭگودا خەلقنىڭ ساغلاملىقىغا ۋە تەنتەربىيە ئىشلىرىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلـ

دى. ئولىمپىك ھەرىكىتىگە ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتۇلدى. جۇڭگو ئولىمپىك كومىتېتى 1952 - يىلى خېلسىنكىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشنى قارار قىلىدى. جۇڭگو ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ بەزى ھەيئەت ئەزالىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بىللە تەيۋەنگە قېچىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن مەسىلە يۈز بەردى: ئاشۇ ھەيئەت ئەزالىرى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە جۇڭگو ئولىمپىك كومىتېتى ئەمەس، بەلكى جۇڭگوغا ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق جار سالدى. خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى دېڭىز قىرغىقىنىڭ ئىككىلا تەرىپىگە تەكلىپنامە ئەۋەتمەسلىكنى قارار قىلدى. بۇنىڭغا دېڭىز قىرغىقىدىكى ھەر ئىككىلا تەرەپ قوشۇلمىدى. 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈشتىن ئىككى كۈن ئىلگىرى، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى بېلەت تاشلاش ئارقىلىق جۇڭگو ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ جۇڭگوغا ۋەكىللىك قىلىپ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان بىردىنبىر ۋەكىللەر ئىكەنلىكىنى قارار قىلدى. 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، جۇڭگو ئولىمپىك كومىتېتى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپتى ھەم خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ تەكلىپنامىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ چاغدا ئېلىمىزدە رېئاكتىپ ئايروپىلان يوق ئىدى. ئېلىمىز ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ خېلسىنكىدىكى ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئۈلگۈرۈپ بېرىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. بېرىش - بارماسلىق مەسىلىسىدە ئېلىمىز ئولىمپىك كومىتېتى ئارىسالدى بولۇپ قالدى. ئاخىر بېرىش قارار قىلىندى. مۇسابىقە رەسمىي باشلىنىش ۋاقتىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئېلىمىز ماھىرلىرى ئاخىر ئولىمپىك كەنتىگە باردى. بىرىنچى قېتىم كۆتۈرۈلگەن بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنىڭ سىيماسى ئولىمپىك ھەرىكىتىنىڭ تارىخىغا پۈتۈلدى. جۇ ئېنلەي زۇڭلى كۆرسەتكەندەك، بۇ ئىش ماھىيەت جەھەتتىن ئۇلۇغ غەلىبە ئىدى.

1954 ـ يىلى ئافىنادا ئېچىلغان خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ 49 ـ قېتىملىق يىغىنىدا، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى ئېلىمىز ئولىمپىك كومىتېتىنى ئېتىراپ قىلىش قارارىنى قوبۇل قىلدى. ئېلىمىز 1956 ـ يىلى موربېندا ئۆتكۈزۈلىدىغان 16 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە تەكلىپ قىلىندى. ئېلىمىز ئولىمپىك كومىتېتى تەييارلىق كۆرۈپ، مۇسابىقىگە قاتنىشىش ئۈچۈن بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللىدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ئېلىمىزگە ۋەكىل بولۇپ كىم قاتنىشىدۇ دېگەن مەسىلە ئاخىرقى ھېسابتا ھەل بولدى، ئەمما كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بەردى. خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى تىزىملىكىدە ئىككى جۇڭگو ئولىمپىك كومىتېتى پەيدا بولۇپ قالدى. خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىدىكى بەزى خادىملار 49 ـ قېتىملىق يىغىندا ماقۇللانغان قارارغا قارىماي «ئولىمپىك نىزامنامىسى»غا خىلاپلىق قىلىپ، تەيۋەننى تىزىملىككە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. بۇ ئىشقا ئېلىمىز تەنھەرىكەتچىلىرى ۋە خەلقى سەۋر قىلىپ تۇرالمايتتى. چۈنكى بۇ پرىنسىپاللىق مەسىلە ئىدى. ئېلىمىز ۋەكىللەر ئۆمىكى شۇ چاغدا گۇاڭجۇغا جەم بولۇپ، موربېنغا قاراپ يولغا چىقىش ئالدىدا تۇراتتى. ۋەكىللەر ئۆمىكى ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن چېكىنىپ چىقتى. دۇنيادا ئىككى جۇڭگو بولسا بولمايتتى. شۇڭا، ئىككى جۇڭگو ئولىمپىك كومىتېتى بولسا تېخىمۇ بولمايتتى. ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئىككى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى بولماسلىقى كېرەك ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئېلىمىز 16 ـ نۆۋەتلىك ۋە كەيىنىدىكى بىرقانچە نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىشنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بۇ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. دۇنيادا بىرلا جۇڭگو بارلىقى، ئۇنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىكەنلىكى، تەيۋەن بولسا جۇڭگونىڭ بىر

قىسمى ئىكەنلىكى ھەممە ئادەمگە ئايان ئىدى. بۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا 119 دۆلەت ئورتاق ئېتىراپ قىلغان پاكىت ئىدى. خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى نېمىشقا «ئولىمپىك خىتابنامىسى»غا خىلاپلىق قىلىپ، ئېلىمىزنى چەتكە قاقىدۇ؟ جۇڭگوغا ئوخشاش مۇشۇنداق چوڭ دۆلەت قاتناشمىسا، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى قانداقسىگە يەر شارى خاراكتېرلىك كاتتا يىغىلىش بولالىسۇن؟ ئېلىمىزنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرى سالماق ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى. 1979 ـ يىلى يىل ئاخىرىغىچە ئېلىمىز تەنھەرىكەتچىلىرى رەسمىي مۇسابىقىنىڭ 200 دىن ئارتۇق تۈرىدە دۇنيا رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. بۇ مەسىلە خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىدىكى تالاي مۇھىم ئەربابلارنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويدى.

ئاخىر، 1979 ـ يىلى ناگويادا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق يىغىندا، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى ئىجرائىيە كومىتېتى ئېلىمىزنىڭ خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىدىكى ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تەيۋەندىكى ئولىمپىك كومىتېتىنى «جۇڭگو تەيبېي ئولىمپىك كومىتېتى» دەپ ئاتاش، يىغىن بايرىقى، يىغىن مارشى ۋە يىغىن گىربىنى بۇرۇنقىغا ئوخشاشمايدىغان قىلىش توغرىسىدا قارار ماقۇللىدى. شۇنىڭ بىلەن ئېلىمىز خەلقئارا ئولىمپىك چوڭ ئائىلىسىگە يېڭىۋاشتىن قايتىپ كەلدى. 1979 ـ يىلى ئېلىمىز ئولىمپىك ھەرىكىتى تەرەققىياتىدا تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بۇرۇلۇش يۈز بەردى. ئېلىمىز ئولىمپىك كومىتېتى دەرھال 1980 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان 13 ـ نۆۋەتلىك قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ھەم شۇ يىلى 8 ـ ئايدا موسكۋادا ئۆتكۈزۈلىدىغان 22 ـ نۆۋەتلىك يازلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

## 22 ـ نۆۋەتلىكتىن 25 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى

22 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە، ئېلىمىز 22 مۇسابىقە تۈرىنىڭ 19 ىغا ئەترالپلىق تەييارلىق كۆردى. بۇ ئېلىمىزنىڭ خىلىنىسكىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن كېيىن، 22 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ئىپادىلىدى. ئېلىمىزنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشماي كەلگىنىگە 28 يىل بولغانىدى. لېكىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلغانلىقتىن، جۇڭگو ئولىمپىك كومىتېتى ۋە ئېلىمىز ماھىرلىرى نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى ماھىرلار قاتارىدا موسكۋا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە بىرلەشمە بايقۇت ئېلان قىلدى. شۇ ئارقىلىق زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇپ، ئولىمپىك پرىنسىپلىرىنى قوغدىدى.

جۇڭگو ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىدىكى قانۇنىي ئورنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، جۇڭگو تەنتەربىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇسابىقىگە قاتنىشىش سالاھىيىتى ئېتىراپ قىلىنغاندىن كېيىن، جۇڭگو ئولىمپىك كومىتېتى ماھىرلارنى لوس ئانگېلېسقا ئەۋەتتى. ئۇلار 1984 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن 23 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. ئېلىمىز دەل مۇشۇ جايدا، 1932 ـ يىلى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە تارىختىن بۇيان بىرىنچى قېتىم قاتناشقانىدى. شۇ چاغدا مۇسابىقىگە بىرلا ئادەم قاتناشقانىدى. ئارىدىن يېرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، مۇكەممەل ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نامىدا ئامېرىكىنىڭ بۇ شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتى. جۇڭگو تەنتەربىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى 250 كىشىدىن تەركىب تاپقانىدى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئولىمپىك

تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ باققان ئەمەس ئىدى. ئېلىمىزنىڭ بىرىنچى قېتىم ئومۇمىي دائىرىدە يازلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشى ئېلىمىز تەنتەربىيە ساھەسىدە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە تۇنجى قەدەمنى قويغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ ھال دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى ھەم ۋەكىللەر ئۆمىكى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ساپ ھاۋا ئېلىپ كەلدى دەپ قارالدى. لوس ئانگېلېستىكى مۇسابىقىدە، ئېلىمىز ماھىرى شۇ خەيفىڭ ئەرلەر ئەركىن قارىغا ئېتىش تۇرىدە بىرىنچى بولۇپ ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. ئالتۇن مېدالنى شۇ خەيفىڭگە خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى رەئىسى سامارانچ ئۆز قولى بىلەن بەردى. بۇ ئۆتمۇشتىكى ئەھۋالغا روشەن سېلىشتۇرما بولدى. جۇڭگولۇقلار ئولىمپىك ھەرىكىتى تارىخىدا بىرىنچى قېتىم ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەنىدى. بۇ ئالتۇن مېدال «نۆلدىن بۆسۈش» دەپ ئاتالدى. بۇنىڭدىن ئىلھاملانغان ئېلىمىز خەلقى شادلىققا چۆمۈلدى. ئېلىمىز ماھىرلىرى يەنىمۇ كۆپ ئالتۇن مېدال ئالدى. جۇملىدىن يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەتچىسى لى نىڭ ئۈچ ئالتۇن مېدال، ئاياللار ۋالىبول كوماندىسى بىر ئالتۇن مېدال ئالدى. جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى 15 ئالتۇن مېدال، 8 كۈمۈش مېدال ۋە 9 مىس مېدال ئېلىپ، ئالغان مېدالىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە 4 ـ ئورۇندا تۇردى. بۇ ئېلىمىز ماھىرلىرىنىڭ ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

1988 ـ يىلى، جۇڭگو ئولىمپىك ماھىرلىرى مۇرەككەپ ھېسسىيات بىلەن سېئولدا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى تۈگىتىپ ۋەتەنگە قايتتى. ماھىرلار يېنىك ئاتلېتىكا، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش، ئاياللار ۋالىبول مۇسابىقىسى قاتارلىق مۇھىم تۈرلەردە كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇزۇندىن بۇيان كىشىلەر ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ساھەدە، بولۇپمۇ سۇ ئۈزۈش، قولۋاق ھەيدەش تۈرلىرىدە ئاجايىپ چوڭ

بۆسۇش ھاسىل قىلىندى. ئۇلار ئالغان ئالتۇن مېدال سانى تۆت يىل ئاۋۋال لوس ئانگېلېستا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئالغان ئالتۇن مېدال سانىدىن ئاز بولسىمۇ، سىد-ئولدىكى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مىسلى كۆرۈلمىگەن نەتىجە ئېلىمىز ئولىمپىك ماھىرلىرىنىڭ غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەردى.

25 - نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 1992-يىلى بارسېلونادا ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىنىڭ كۆلىمى تارىختىن بۇيان بۇنداق چوڭ بولۇپ باقمىغانىدى. ئېلىمىز تەنتەربىيە ۋە-كىلللەر ئۆمىكى 128 ئەر ماھىر ۋە 133 ئايال ماھىردىن تەركىب تاپقانىدى. ئۇلار 16 ئالتۇن مېدال، 22 كۈمۈش مېدال، 10 مىس مېدال ئېلىپ، ئالغان مېدال سانىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن تۆتىنچى بولدى. بۇ ئېلىمىز ماھىرلىرىنىڭ نۇرغۇن تەنتەربىيە تۈرلىرىدە زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. سۇ ئۈزۈشنى مىسال قىلساق، سىئولدىكى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇ-سابىقىسىدە، ئېلىمىز ماھىرلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئالدىنقى سەككىزنىڭ ئىچىگە كىرەلمىگەنىدى. بارسېلونادىكى مۇسابىقى-دە، ئېلىمىز ماھىرلىرى 7 ئالتۇن مېدال ئالدى. ئاياللار تۈرى-دە، جۇاڭ يۇڭ 54.64 سېكۇنتلۇق نەتىجە بىلەن 100 مېتىرلىق ئارىلىقتا ئەركىن سۇ ئۈزۈشتە دۇنياۋى رېكورتنى يېڭىلىدى؛ جيەن خوڭ 62.58 نەتىجە بىلەن 100 مېتىرلىق ئارىلىقتا كېپە-نەكچىلەپ سۇ ئۈزۈشتە چېمپىيون بولدى؛ لىن لىي 200 مې-تىرلىق ئارىلىقتا ئارىلاشما سۇ ئۈزۈشتە 2 مىنۇت 11 سېكۇنت 64 دەقىقە نەتىجە بىلەن دۇنياۋى رېكورت ياراتتى؛ ياڭ ۋېنيى 50 مېتىرلىق ئارىلىقتا ئەركىن سۇ ئۈزۈشتە 24.79 سېكۇنت-لۇق نەتىجە بىلەن ئۆزى ساقلاپ كېلىۋاتقان دۇنيا رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. فۇ مىڭشيا سەكرەش پەشتىقىدا سۇغا سەكرەپ ۋە گاۋمېي سەكرەش تاختىيىدا سۇغا سەكرەپ ئايرىم

هالدا ئالتۇن مېدال ئالدى؛ سۇن شيۇۋېي سەكرەش پەشتىقىدا سۇغا سەكرەپ ئالتۇن مېدال ئالدى. تىكتاپ توپ تۈرىدە، ئەرلەر جۈپ ئويناش، ئاياللار جۈپ ئويناش ۋە ئاياللار يەككە ئويناشتا ۋاڭ تاۋ، لۇي لىن، دېڭ ياپىڭ، چياۋ خوڭ ۋە دېڭ ياپىڭ چېمپىيون بولدى. خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى رەئىسى ساما-رانچ ۋەدىسىگە ئاساسەن ئاياللار يەككە تىكتاك توپ مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولغان دېڭ ياپىڭغا ئالتۇن مېدالنى ئۆز قولى بىلەن بەردى. ئېلىمىز ماھىرلىرى قارىغا ئېتىش، يېنىك ئاتلېتىكا، يورغىلاپ مېڭىش ۋە روداۋچە چېلىشىش تۈرلىرىدە ئالتۇن مېدال ئالدى، يېنىك ئاتلېتىكا، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش، پەي توپ ۋە ئاياللار ۋاسكېتبول تۈرىدە كۈمۈش مېدال ئالدى.

## 26 - نۆۋەتلىكتىن 28 - نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى

1996 - يىلى، مۇھەممەد ئەلى ئولىمپىك مۇقەددەس ئوتى-نى تۇتاشتۇرغاندا، ئولىمپىك تەنھەركەت مۇسابىقىسىنىڭ كومې-دىيىلىك پەردىسى ئېچىلدى. گەرچە بىر تېرروروچى بومبا تاشلاپ بىر ئادەمنىڭ قازا قىلىشىغا، 110 ئادەمنىڭ يارىلىنىشىغا سەۋەب-چى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئاتلانتادا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاجايىپ مۆۋەپپەق-قىيەتلەر ھېلىھەم كىشىلەرنىڭ يادىدا. كار لوئىس ئوخشاش بىر تۈردە ئۇدا تۆت قېتىم چېمپىيون بولغان ماھىر، 9 ئالتۇن مېدال ئالغان تەنھەرىكەتچى؛ نايمو سۇلايمانوف 3 ئالتۇن مېدال ئالغان ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ماھىرى؛ مايكىل جون 200 مېتىرلىق ئارىلىققا يۈگۈرۈشتە دۇنياۋى رېكورتنى بۇزۇپ تاشلاپ، 200 مېتىرلىق ۋە 400 مېتىرلىق ئارىلىققا يۈگۈرۈشتە قوش چېمپى-يون بولدى.

16 كۈنلۈك مۇسابىقە ئاياغلاشقاندا، ئېلىمىز 16 ئالتۇن مېدال، 22 كۈمۈش مېدال ۋە 12 مىس مېدال ئالدى. ئالغان ئالتۇن مېدال ۋە مۇكاپاتلارنىڭ ئومۇمىي سانى بىلەن دۇنيا بويىچە تۆتىنچى ئورۇندا تۇردى.

2000 ـ يىلى سىدنېيدا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ناھايىتى كۆپ ۋەكىللەر ئۆمىكى قاتناشتى. دۇنيادىكى 10651 ماھىر 300 تۈر بويىچە مۇسابىقىگە چۈشتى. خادىملار شۇنچىلىك كۆپ بولسىمۇ، لېكىن تەشكىللەش ئىنتايىن تەرتىپلىك بولدى. كىشىلەرنىڭ ئولىمپىك ھەرىكىتىگە بولغان ئىشەنچى ئاشتى. ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تۈرلىرىدە، ئەمەلىي رىقابەت كۈچلىرى ئارىسىدا ئۆزگىرىش يۈز بەردى. كوماندىلىرىنىڭ سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە ئەمەلىي كۈچىنىڭ زورلۇقى بىلەن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ كېلىۋاتقان ئامېرىكا ۋە روسىيىدىن قالسا، ئېلىمىز ئۈچىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. ئالغان ئالتۇن مېدال ئومۇمىي سانى ۋە مۇكاپاتلارنىڭ ئومۇمىي سانىدا رېكورت يارىتىلدى. جۇڭگو كوماندىسى 28 ئالتۇن مېدال، 16 كۈمۈش مېدال ۋە 15 مىس مېدال ئالدى. بۇ ھەقىقەتەن تارىخىي خاراكتېرلىك بۆسۈش ئىدى! ئۈچ ماھىرىمىز 8 تۈردە 12 قېتىم دۇنيا رېكورتىنى، ئالتە ماھىرىمىز 11 تۈردە ئولىمپىك رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. بۇ ئېلىمىزنىڭ ئۆتكەن تۆت نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن كېيىن قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى نامايان قىلىپ بەردى. شۇ قېتىملىق مۇسابىقىدە ئالغان ئالتۇن مېدال ۋە مۇكاپاتلارنىڭ ئومۇمىي سانى ئىلگىرىكى ھەر نۆۋەتلىك مۇسابىقىلەرنىڭكىدىن روشەن كۆپ ئىدى.

2004 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى 202 دۆلەت ۋە رايونلاردىن كەلگەن 11099 تەنھەرىكەتچى گرېتسىيىنىڭ ئافېنا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 28 ـ

نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. گرېت-
سىيە ئولىمپىك دۇنياغا كەلگەن جاي، ئافېنا ئولىمپىك تەنھەرى-
كەت مۇسابىقىسى گۈللەنگەن ماكان. تارىختا تۇنجى قېتىم ئولىم-
پىك ئوتى يەر شارىدىكى قۇرۇقلۇقلارنى يورۇتقان. پۈتۈن دۇنيا-
دىكى 4 مىليارد تاماشىبىن شۇ قېتىملىق ئولىمپىك مۇسابىقىنىڭ
كاتتا مەرىكىسىنى كۆردى.

ئافېنادا، 235 ئېلىمىز ماھىرى 107 مۇسابىقە تۈرىدە ھەل
قىلغۇچ مۇسابىقىگە چۈشتى. 83 ئادەم 6 تۈردە دۇنياۋى رېكورت-
نى، 17 تۈردە ئولىمپىك رېكورتىنى ياراتتى. 55 تۈردە 32
ئالتۇن مېدال، 17 كۈمۈش مېدال ۋە 14 مىس مېدال ئالدى.
مۇكاپاتلارنىڭ ئومۇمىي سانى جەھەتتە ئېلىمىز ئامېرىكىدىن قالسا
ئىككىنچى رەتكە تىزىلدى.

ئېلىمىز سۇغا سەكرەش، قارىغا ئېتىش، تىكتاك توپ،
سېتكا توپ ۋە ئېغىرلىق كۆتۈرۈش تۈرلىرىدە ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى
ساقلىدى. قىلىچۋازلىق، ئاياللار ۋېلىسىپىت مۇسابىقىسى، چې-
لىشىش ۋە ئوقيا ئېتىش تۈرلىرىدە غايەت زور ئىلگىرىلەش
كۆرۈلدى. ئېلىمىز كوماندىسى يېنىك ئاتلېتىكا، سۇ ئۈزۈش ۋە
تۇلۇم ھەيدەش تۈرلىرىدە غايەت زور بۆسۈش ھاسىل قىلدى.
ليۇشياڭ 110 مېتىرلىق ئارىلىقتا توساق ئاتلاپ يۈگۈرۈشتە باشقا
ماھىرلارنى كەينىدە قالدۇرۇپ چېمپىيون بولدى. بۇ ئېلىمىز
ئەرلەر يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن بۆ-
سۈش خاراكتېرلىك نەتىجە ئىدى.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئېلى-
مىز ئاياللار ۋالىبول كوماندىسى 20 نەچچە يىل جاپالىق تىرىش-
چانلىق كۆرسىتىپ ئولىمپىك چېمپىيونلۇقىغا يېڭىۋاشتىن
ئېرىشتى. بۇ رىقابەت روھىنىڭ ۋە يۇقىرى قاتلاملىق مەنىۋى
ئىنتىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى.

ئېلىمىز ئولىمپىك ماھىرلىرى ئافېنادا قولغا كەلتۈرگەن

ئاجايىپ نەتىجىلەر ئېلىمىز تەنتەربىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىشەن-
چىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى ھەم ئېلىمىز تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ
بىر پۈتۈن رىقابەت ئەمەلىي كۈچىنىڭ پۇختا تەرەققىي قىلىشى
ۋە ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سېلىندى. شۇنداقلا
ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ 2008 - يىلى بېيجىڭدا
ئۆتكۈزۈلۈشىنى ئىلتىماس قىلىش ئۈچۈن، ماھارەت جەھەتتىكى
ئەمەلىي كۈچى نامايان قىلىندى.

# ئېلىمىزنىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدىكى ئىپادىسى

بىر قىسىم تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ ۋە پرىنسىپلارنىڭ قوشۇلۇشى ۋە قىسقارتىلىشىغا ئەگىشىپ، قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۇزۇن تەرەققىيات مۇساپىسىنى باشتىن كەچۈردى. بەزى تەنھەرىكەت تۈرلىرى، مەسىلەن، 1924 ـ يىلى بارلىققا كەلگەن مۇز چېنەك تەنھەرىكەت تۈرى يېقىندا ئەسلىگە كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا پەشتاقتىن سەكرەپ قار تېيىلىش ۋە فىگۇرا چىقىرىپ قار تېيىلىشقا ئوخشاش بەزى تەنھەرىكەت تۈرلىرىدە ئاساسەن ئۆزگىرىش بولمىدى. بۇنىڭدىن باشقا، فىگۇرا چىقىرىپ قار تېيىلىش تۈرى ئايال تەنھەرىكەتچىلەر بىلەنلا چەكلەندى. پەشتاقتىن سەكرەپ قار تېيىلىش ۋە شىمالىي ياۋروپادا ئومۇملاشقان ئىككى تەنھەرىكەت تۈرى ئەر تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ مەخسۇس تۈرىگە ئايلاندى.

ئېلىمىز پولەيسىد كۆلى بويىدا ئۆتكۈزۈلگەن قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە يېڭىدىن باش كۆتۈرگەندى. 1992 ـ يىلى ئاربۋېردا ئۆتكۈزۈلگەن قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلدى. شۇ قېتىملىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە، يې چياۋبو ئاياللار 500 مېتىرلىق ۋە 1000 مېتىرلىق ئارىلىققا تېز مۇز تېيىلىش تۈرىدە، لى يەن ئاياللار 500 مېتىرلىق قىسقا ئارىلىققا تېز مۇز تېيىلىش تۈرىدە كۈمۈش مېدال ئالدى.

ئېلىمىز شۇنىڭدىن تارتىپ نۇرغۇن كۈمۈش مېدال ۋە مىس

مېدال ئالدى. 10 كۈمۈش مېدال، 4 مىس مېدال ئېلىپ، ئالتۇن مېدال ئالالمىغان دۆلەت بولۇپ قالدى.

1994 ـ ۋە 1998 ـ يىللىرىكى قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە، ئېلىمىزنىڭ قىسقا ئارىلىقتا تېز مۇز تېيىلىش ماھىرى «ئالتۇن مېدال ئالالماسلىق ۋەزىيىتى» گە خاتىمە بېرىدىغانغا نەچچە سېكۇنت قالغاندا مەغلۇب بولدى.

2002 ـ يىلى سولت ـ لېيك ـ سىتىدا ئۆتكۈزۈلگەن قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە، ياڭ ياڭ 187 .44 سېكۇنتلۇق نەتىجە بىلەن ئاياللار 500 مېتىرلىق قىسقا ئارىلىقتا تېز مۇز تېيىلىش تۈرىدە ئاخىرقى نۇقتىغا بىرىنچى بولۇپ بېرىپ، ئېلىمىز 20 يىلدىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ ئالتۇن مېدالىغا ئېرىشتى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ياڭ ياڭ ئاياللار 1000 مېتىرلىق قىسقا ئارىلىقتا تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىدە يەنە بىر قېتىم غەلىبە قىلىپ، ئېلىمىز ئۈچۈن ئىككى ئالتۇن مېدالنى قولغا كەلتۈردى.

2006 ـ يىلى دۆبلىندا ئۆتكۈزۈلگەن قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئاياغلاشتى. ئېلىمىز شۇ قېتىملىق مۇسابىقىدە 11 مېدالغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، بۇ 2004 ـ يىلى ئافېنادا ئۆتكۈزۈلگەن يازلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئېلىمىز تەنھەرىكەتچىلىرى ئېرىشكەن 63 مېدالغا سېلىشتۇرۇلغاندا ياخشى نەتىجە ئىدى. ئېلىمىز ئىتالىيە دۆبلىندا ئۆتكۈزۈلگەن قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئاجايىپ ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى.

خەن شاۋپىڭ ئەركىن مۇز تېيىلىش ئەرلەر بوشلۇقتا ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىپ، تارىختىي خاراكتېرلىك رېكورتنى ياراتتى. لى نىنا بوشلۇقتا ماھارەت كۆرسىتىشتە كۈمۈش مېدال ئالدى. ئېلىمىز تەنھەرىكەتچىلىرى

ئالغان مۇكاپاتلار ئاساسەن مۇز تېيىلىش تۈرى دائىرىسى بىلەن چەكلەندى. 20 ياشلىق ۋاڭ مېڭ ئاياللار قىسقا ئارىلىققا تېز مۇز تېيىلىش تۈرىدە «تولۇق نومۇر»غا ئېرىشتى. ئۇ 500 مېتىرلىق ئارىلىققا تېز مۇز تېيىلىش تۈرىدە كۈمۈش مېدال، 1500 مېتىرلىق ئارىلىققا تېز مۇز تېيىلىش تۈرىدە مىس مېدال ئالدى. ئۇنىڭ سەپدىشى ياڭ ياڭ 1000 مېتىرلىق ئارىلىققا تېز مۇز تېيىلىش تۈرىدە مىس مېدال ئالدى.

لى جياجۇن ئەرلەر 1500 مېتىرلىق قىسقا ئارىلىققا تېز مۇز تېيىلىش تۈرىدە مىس مېدال ئالدى. ئېلىمىزنىڭ باشقا ئىككى ماھىرى 500 مېتىرلىق ئارىلىققا مۇز تېيىلىش مۇسابىقە تۈرىدە مۇكاپاتلىنىش سەھنىسىگە چىقتى: ئۇلارنىڭ بىرسى كۈمۈش مېدال ئالغان ۋاڭ مەن، يەنە بىرسى مىس مېدال ئالغان رېن خۇي ئىدى. ئېلىمىزنىڭ فىگۇرا چىقىرىپ مۇز تېيىلىش ماھىرلىرىدىن جاڭ دەن، جاڭ ۋۇ قوش كىشىلىك فىگۇرا چىقىرىپ مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىدە كۈمۈش مېدالغا، شېن شۆ بىلەن چاۋ خوڭبۇ مىس مېدالغا ئېرىشتى. شۇ چاغدا رىببىرلار ئارىسىدا سەتچىلىك يۈز بەرگەچكە، روسىيە بىلەن كانادا كوماندىلىرى ئالتۇن مېدالغا ئىگە بولدى.

2006 ـ يىلى دۆلىتىمىز ئۆتكۈزۈلگەن قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە ئېلىمىز 11 مېدالغا ئېرىشتى. بۇ سان ئېلىمىز قاتناشقان ھەر نۆۋەتلىك قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە ئالغان ئومۇمىي سانىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ئېلىمىز تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئېلىمىزنىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقە تۈرلىرىدە ئىپادىسى قەدەممۇ قەدەم يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. ئېلىمىز كوماندىلىرىنىڭ 2010 ـ يىلى ۋانكوۋېردا ئۆتكۈزۈلىدىغان قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە دۇنيانى تاڭ قالدۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

# ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىلتىماس سۇنۇش

ئىلىمىز كوماندىسىنىڭ 1984 ـ يىلى لوس ئانگېلېستا ئۆتكۈزۈلگەن يازلىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە قولغا كەلتۈرگەن ئاجايىپ نەتىجىلىرى ئىلىمىز خەلقىنىڭ ئولىمپىك ھەرىكىتىگە بولغان قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتتى. ئولىمپىك قىزغىنلىقى ئاخىر ئىلىمىزدا مەيدانغا كەلدى.

24 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئاياغ-لاشقاندىن كېيىن، كۆپ تەرەپلىمە سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئىلىمىز-نىڭ ئولىمپىك ھەرىكىتى ئىشلىرى تەرەققىي قىلىپ يېپيېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى. ئالدى بىلەن، ئىلىمىز تەنتەربىيە كوماندى-سىنىڭ سىئولدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدە ئالاھىدە ئىپادىسى بى-لەن تۆت يىل ئاۋۋال لوس ئانگېلېستىكى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ياراتقان گەۋدىلىك نەتىجىلىرى بىلەن كۈچلۈك سېلىشتۇرما بولۇپ قالدى. بۇ ھال ئولىمپىك ھەرىكىتى ئالتۇن مېدالىغا مۇناسىۋەتلىك بىر مەيدان بەس ـ مۇنازىرىنى قوزغىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىلىمىز 11 ـ نۆۋەتلىك ئاسىيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى. بۇ ئىلىمىزدە ئۆتكۈزۈلگەن كۆلىمى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن قېلىشمايدىغان خەلقئارا-لىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئىدى. بۇنىڭدىن خەلقئارالىق تەنھە-رىكەت مۇسابىقىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كۆپ-چىلىكنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بو-لاتتى. 11 ـ نۆۋەتلىك ئاسىيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە جامائەت-چىلىكنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقى-

سىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارالىق مۇسابىقىگە ئاغدۇرۇلدى. ئەمما، ئالدىنقى ئىككى نۆۋەتلىك مۇسابىقىنىڭ ئېلىمىزگە بەرگەن تەسىرى ھەرقانچە چوڭقۇر بولسىمۇ، بۇنىڭ تەسىرىنى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى 2000 ـ يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىلتىماس سۇنۇشنىڭ كىشىلەرگە بەرگەن تەسىرىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى.

1993 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى يېرىم كېچىدە، مىليونلىغان ئېلىمىز خەلقى تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرۇپ خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ 2000 ـ يىلى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزىدىغان شەھەرنى تاللاش توغرىسىدا ئېچىلغان 101 ـ قېتىملىق يىغىنىنىڭ نەتىجىسىنى كۈتتى. خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى سامارانچ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 2000 ـ يىلى بېيجىڭدا ئەمەس، بەلكى سىدنېيدا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى جاكارلىغاندا، تالاي كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى تۇتالمىدى، ھەتتا بەزىلەر ھۆكىرەپ يىغلاپ كېتىشتى، بۇ ھالەتنى چۈشىنىشكە بولاتتى. ئۇلار تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ھەقىقىي جاۋابقا تەشنا ئىدى. بېيجىڭ ستاتىستىكا ئىدارىسى 10000 ئاھالىنىڭ رايىنى سىنىغاندا 98.7% ئادەم ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىلتىماس سۇنۇشنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. 1991 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، بېيجىڭدا 2000 ـ يىللىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىلتىماس سۇنۇش كومىتېتى قۇرۇلدى. دۆلەتلىك تەنتەربىيە باش ئىدارىسى ۋە بېيجىڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىدىن تەركىب تاپقان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىلتىماس سۇنۇش كومىتېتى بىر قاتار سايلام رىقابىتى جۈملىدىن ماتېرىيال تارقىتىش، ئولىمپىك ھەرىكىتى بىلىملىرىنى ئۆگىنىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇردى. ئىلتىماس سۇنۇش

نەتىجىسىز ئاياغلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئېلىمىز خەلقى ئولىمپىك ھەرىكىتى، ئولىمپىك روھى ۋە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى توغرۇلۇق چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولدى.

ئىلتىماس سۇنۇش مۇۋەپپەقىيەتسىز بولدى، بېيجىڭ ئانچەكى پايدىسىز ۋەزىيەتتە سىدنېيغا ئۇتتۇرۇپ قويۇپ، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش پۇرسىتىدىن قۇرۇق قالدى. بىراق، بېيجىڭنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىلتىماس سۇنۇشى كىشىلەرنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە بولغان قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. دۇنيادىكى كاتتا مەرىكىلەرنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىلتىماس سۇنۇش بىلەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدۇ. كىشىلەرنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى توغرىسىدا تەپسىلىي ئۇچۇرلارنى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئىگىلىشىگە توغرا كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ ئولىمپىك ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى يەنىمۇ تېزلىشىپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن 1999 - يىلى ئىككىنچى قېتىم يەنە ئىلتىماس سۇندى ۋە رازى بولارلىق نەتىجىگە ئېرىشتى. 2001 - يىلى موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ 112 - قېتىملىق يىغىنىدا، بېيجىڭ شەرەپ بىلەن 2008 - يىلى 29 - نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان شەھەر بولۇپ تاللاندى. بۇ ئېلىمىز ئولىمپىك تەرەققىياتى تارىخىدىكى ئابىدە ئىدى، بۇ دۇنيادىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ دۆلەتنى ئولىمپىك ھەرىكىتى بىلەن زىچ باغلىدى. ئېلىمىز دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت. شەرق مەدەنىيىتى مەنبەسى چوڭقۇر، ئىجتىمائىي ئىسلاھات سۈرئىتى تېز، ئېلىمىز بىلەن ئىلگىرى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەن دۆلەتلەر ئارى-

سىدا پەرق زور. ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش ۋە شۇنىڭغا تەييارلىق قىلىشنىڭ ئېلىمىز ھەم دۇنيا تەنتەربىيە ئىشلىرىغا بولغان تەسىرى چوڭقۇر بولىدۇ. خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى باھالاش كومىتېتى: «بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى جۇڭگو ۋە دۇنيانىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزگىچە ئولىمپىك ھەرىكىتى مىراسىنى قالدۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. بېيجىڭنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئېسىل ئۆتكۈزىدىغانلىقىغا تىلەكداشمىز» دەپ كۆرسەتتى.

بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ نىشانى «يېشىل ئولىمپىك، پەن - تېخنىكا ئولىمپىكى ۋە ئىنسانىي ئولىمپىك». ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى: بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ۋە ئۆزئارا قوشۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جامائەتچىلىكنىڭ مۇھىتنى قوغداش ئېڭىنى كۈچەيتىپ ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ۋە قوللىنىشتا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ، دەپ قارايدۇ.

بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قايتا ئىلتىماس سۇنۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇنىڭ ئەھمىيىتى ئولىمپىك روھىنى ئورتاق بەھرىلىنىش، ئىنسانىي روھنى مەدھىيىلەش، شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كېڭەيتىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئېلىمىزنى ئېلىمىزنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك نامايان قىلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. 2008 - يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە تەييارلىق كۆرۈش باسقۇچىدا، بېيجىڭ پۈتكۈل دۇنياغا ئېچىۋېتىلگەن، زامانىۋى، مەدەنىي ھەم تەرەققىيات ئەھۋالى ياخشى

بولغان مەركىزىي شەھەر ھازىرلاشقا تېگىشلىك يېپيېڭى ۋە ھايا-
تىي كۆچكە ئىگە ئوبرازىنىلا ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي خەلقئارالىق
شەھەرگە ئايلىنىۋاتقانلىقىنى، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقە-
سىنى «يېشىل ئولىمپىك، پەن - تېخنىكا ئولىمپىكى ۋە ئىنسا-
نىي ئولىمپىك» قىلىپ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلىقىنى
نامايىش قىلىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، بۇ قېتىملىق ئولىم-
پىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مىسلى كۆرۈلمىگەن كاتتا مەرىكە.
خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتى باھالاش ھەيئىتى كۆرسىتىپ ئۆت-
كەنگە ئوخشاش بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت
مۇسابىقىسى ئېلىمىز ۋە پۈتكۈل تەنتەربىيە ساھەسىگە ئۆزگىچە
ئولىمپىك ھەرىكىتى مىراسى قالدۇرغۇسى.

# 2008 ـ يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ قۇت بەلگىسى — بەختلىك باللار

بەختلىك باللار 2008 ـ يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ قۇت بەلگىسى. ئولىمپىك بەلگىسى بولغان بەش ھالقىنىڭ رەڭگى ئۆرنەك قىلىنىپ ھەم شۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ يارىتىلغان بۇ باللار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى باللارغا دوستلۇق، تىنچلىق ۋە ئېلىمىز خەلقىنىڭ گۈزەل ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى يوللايدۇ. ئۇلار ئېلىمىزدە ئەڭ قارشى ئېلىنىدىغان — بېلىق، مۇشۇكئېيىق، تىبەت بۆكىنى ۋە قارلىغاچتىن ئىبارەت تۆت ھايۋانغا ھەم ئولىمپىك مۇقەددەس ئوتىغا تەقلىد قىلىنغان. «بېي بېي» بېلىق، «جىڭ جىڭ» مۇشۇكئېيىق، «خۇەن خۇەن» ئولىمپىك مۇقەددەس ئوتى، «يىڭ يىڭ» تىبەت بۆكىنى، «نېي نېي» قارلىغاچ. بەش باللىنىڭ ئىسمى بىرلەشتۈرۈلسە، «بېيجىڭ سىزنى قارشى ئالىدۇ» دېگەن مەنە ئىپادىلىنىدۇ. سىز بۇنىڭدىن بېيجىڭنىڭ دۇنياغا سۇنغان دوستانە تەكلىپىنى ھەم ئولىمپىك ھەرىكىتىنىڭ ئەلچىسى بولغان بەختلىك باللارنىڭ دۇنيا خەلقىگە سۇنغان قىزغىن كۆڭلىنى ھېس قىلالايسىز. ھەربىر بالا بىر ياخشى تىلەككە ۋەكىللىك قىلىدۇ: گۈللىنىش، خۇشاللىق، قايناق ھېسسىيات ۋە ساغلام-لىق بىلەن ئامەت. ئۇلارنىڭ قىياپىتىگە ۋە باشلىرىدىكى بېزەك-لەرگە دېڭىز ـ ئوكيان، ئورمان، ئوت، زېمىن ۋە ئاسماننىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى يوشۇرۇنغان. ئوبرازلارنىڭ لايىھىلىنىشىگە ئېلىمىزنىڭ ئەل ئىچى مەدەنىيىتى ۋە بېزەكچىلىكىنىڭ چوڭقۇر

تەسىرى سىڭگەن.
ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە «بېلىق» بىلەن «سۇ» گۈللىنىش ۋە مول ھوسۇلنىڭ سىمۋولى. شۇڭا بېي بېينىڭ تىلىكى: گۈللىنىش. «بېلىق» پاراۋانلىقنىڭ سىمۋولى. بېي بېينىڭ بېشىدىكى بېزەككە بېلىقنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن ئېلىمىزنىڭ قەدىمىي نەقىشى ئويۇلغان. بېي بېي مۇلايىم ھەم پاك، ئۇ سۇ ئۇستىدىكى ماھىرلار ۋە ئولىمپىك بەلگىسى — بەش خىل رەڭلىك بەش ھالقا ئارىسىدىكى كۆك ھالقا بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن.
جىڭ جىڭ ھەرقانداق جايدا كىشىلەرگە خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ. بەدەن ھالىتى ۋە قارا بىلەن ئاق رەڭ ئېنىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان تېرىسىدىن ئۇنىڭ شادىمان ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئېلىمىزنىڭ دۆلەت گۆھىرى ھەم قوغدىلىدىغان مۇشۇك-ئېيىق دۇنيا خەلقىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ بېشىدىكى بېزەككە ئېلىمىزنىڭ سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ ساپال بۇيۇملارغا چۈشۈرۈلگەن لىيەنخۇا گۈلى بەرگىلىرى نەقىشلەنگەن. ئۇ بىپايان ئورمان ۋە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنىڭ سىمۋولى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە جىڭ جىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ تەبىئەتنى قوغداش ئارزۇسىغىمۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ. جىڭ جىڭ ساددا ھەم ئۈمىد-ۋار. ئۇ ئولىمپىك بەلگىسى — بەش خىل رەڭلىك بەش ھالقا ئارىسىدىكى قارا ھالقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.
خۇەن خۇەن بەختلىك بالىلارنىڭ ئاكىسى. ئۇ ئوت سىياقىدىكى بالا. ئۇ ئولىمپىك مۇقەددەس ئوتىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. قايناق ھېسسىياتقا تولغان ھەرىكەتنىڭ ئوبرازى. خۇەن خۇەن بەختلىك بالىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇ ئولىمپىك روھىنىڭ يادرولۇق ۋەكىلى. ئۇ كىشىلەرنى يەنىمۇ تېز، يەنىمۇ يۇكسەك ۋە يەنىمۇ كۈچلۈك بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ئۇ يەنە خۇشخۇي

ھەم كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىغا سازاۋەر. خۇەن خۇەننىڭ
بېشىدىكى بېزەككە دۇنخۇاڭ تام رەسىملىرىدىكى ئوتتىنىڭ ئوبرازى
چۇشۇرۇلگەن. ئۇ مەلۇم مەنىدە ئېيتقاندا ئامەتكە ۋەكىللىك قىلى-
دۇ. خۇەن خۇەن شوخ ھەم تېتىك، توپ تۇرلىرىنىڭ ھەممىسى-
نى پىششىق بىلىدۇ. ئۇ ئولىمپىك بەلگىسى — بەش خىل
رەڭلىك بەش ھالقىنىڭ ئارىسىدىكى قىزىل ھالقىغا ۋەكىللىك
قىلىدۇ.
يىڭ يىڭ چاققان ھەم چەبدەس، يۇگۇرۇش سۇرئىتى شامال-
دىن تېز تىبەت بۆكىنى، ئۇ ئېلىمىزنىڭ بىپايان زېمىنىنىڭ
سىمۋولى. ئۇ ساغلاملىق ۋە تەبىئەت بىلەن ئىناق ئۆتۈش ئارقى-
لىق ھاسىل بولغان كۇچ ـ قۇدرەتنىڭ ئىزگۇ تىلەكلىرىنى
دۇنياغا يوللايدۇ. نازاكەتلىك يىڭ يىڭ چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىز-
لىكىدىلا ياشايدىغان ھايۋان تۇرىنىڭ جەۋھىرى، ئۇ ئېلىمىزدە
ئەڭ بالدۇر قوغدالغان ھايۋانلارنىڭ بىرى. تىبەت بۆكىنى يېشىل
ئولىمپىكنى نامايان قىلىش ئۇچۇن تاللانغان. ئۇنىڭ بېشىدىكى
بېزەكتە چىڭخەي ـ شىزاڭ ۋە شىنجاڭ قاتارلىق غەربىي ـ
شىمالدىكى رايونلارنىڭ ئۇسلۇبى ئەكس ئېتىدۇ. چاققان ھەم
چەبدەس تىبەت بۆكىنى يېنىك ئاتلېتىكا ماھىرى. ئۇ ئولىمپىك
بەلگىسى — بەش خىل رەڭلىك بەش ھالقىنىڭ ئارىسىدىكى سې-
رىق ھالقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.
ھەر يىلى باھار ۋە ياز پەسىللىرىدە، بېيجىڭلىق ئۆسمۇرلەر
پايتەخت ئاسمىنىدا چىرايلىق لەگلەكلەرنى ئۇچۇرىدۇ. بۇ لەگ-
لەكلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئالتۇن قۇيرۇقلۇق قارلىغاچ شەكلىدە
لايىھىلەنگەن لەگلەك كىشىلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا بەكرەك مۇ-
يەسسەر بولىدۇ. نىي نىي مۇشۇ ئەنئەنىۋى لايىھە بويىچە يارىتىل-
غان ئوبراز. ئۇنىڭ ئالتۇن قۇيرۇقى چەكسىز كەتكەن ئاسمانغا
ۋەكىللىك قىلىدۇ. «ئۇدا سىزگە ئامەت تىلەيمەن» دېگەن تىلەك-
لەرنى تىلەپ كۆكتە پەرۋاز قىلىدۇ. نىي نىي ئاق كۆڭۈل ھەم

نىيىتى تۈز، شادىمان ھەم چەبدەس، ئۇ تەنتەربىيە گىمناستىكى-
سى ماھىرى. ئولىمپىك بەلگىسى — بەش خىل رەڭلىك بەش
ھالقا ئارىسىدىكى يېشىل ھالقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

2008 ـ يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك تەنھەرى-
كەت مۇسابىقىسىنىڭ شوئارى: ئوخشاش دۇنيا، ئوخشاش چۈش.

# قوشۇمچە

## ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقە تۈرلىرى

### يازلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقە تۈرلىرى

**سۇ ئۈستى ھەرىكەتلىرى**

سۇ ئۈزۈش (ئەركىن ئۈزۈش، ئوڭدىسىغا ئۈزۈش، پاقىچە-لاپ ئۈزۈش، كېپىنەكچىلەپ ئۈزۈش، شەخسىي ئارىلاشما ئۈزۈش، ئەركىن كۆچ ئۇلاپ ئۈزۈش، ئارىلاشما كۆچ ئۇلاپ ئۈزۈش)

سۇ توپ

سۇغا سەكرەش (10 مېتىر ئېگىزلىكتىكى پەشتاقتىن سەك-رەش، 3 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاختايدىن سەكرەش، ئىككى كىشى 10 مېتىر ئېگىزلىكتىكى پەشتاقتىن سەكرەش، ئىككى كىشى 3 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاختايدىن سەكرەش)

فىگۇرا چىقىرىپ ئۈز تېپىلىش

**قارىغا ئېتىش**

**يېنىك ئاتلېتىكا**

يۈگۈرۈش (100 مېتىر، 200 مېتىر، 400 مېتىر، 800 مېتىر، 1500 مېتىر، 5000 مېتىر، 10000 مېتىر، 4×100 مېتىرلىق ئارىلىقتا كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش، 4×400 مېتىرلىق ئارىلىقتا كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش، ئاياللار 100 مېتىرلىق ئارىلىقتا توساق ئاتلاپ يۈگۈرۈش، ئەرلەر 110 مېتىرلىق ئارىلىقتا توساق ئاتلاپ يۈگۈرۈش، ئەرلەر 400 مېتىرلىق ئارىلىقتا توساق ئاتلاپ

يۈگۈرۈش، ئەرلەر 3000 مېتىرلىق ئارىلىقتا توسالغۇلۇق يۈگۈرۈش)

سەكرەش (ئېگىز گە سەكرەش، خادا بىلەن ئېگىزگە سەكرەش، يىراققا سەكرەش، ئۈچ دەرىجىلىك يىراققا سەكرەش)

ئاتماق (چويۈن توپ ئېتىش، دىسكا ئېتىش، زەنجىر توپ ئېتىش، نەيزە ئېتىش)

تولۇق تۈر (ئەرلەر ئون تۈردە تولۇق ماھارەت كۆرسىتىش، ئاياللار يەتتە تۈردە تولۇق ماھارەت كۆرسىتىش)

تاشيول مۇسابىقىسى تۈرلىرى (مارافونچە يۈگۈرۈش، 20 كىلومېتىر ئارىلىقتا يورغىلاپ يۈگۈرۈش)

## توپ تۈرلىرى ھەرىكىتى

پەي توپ (ئەرلەر يەككە ئويناش، ئاياللار يەككە ئويناش، ئەرلەر جۈپ ئويناش، ئاياللار جۈپ ئويناش، ئارىلاشما ئويناش)

كالتەك توپ

ۋاسكېتبول

پۇتبول

قول توپ

ئەگرى كالتەك توپ

قورغان توپ

تىكتاك توپ (ئەرلەر يەككە ئويناش، ئەرلەر جۈپ ئويناش، ئاياللار يەككە ئويناش، ئاياللار جۈپ ئويناش)

سېتكا توپ (ئەرلەر يەككە ئويناش، ئەرلەر جۈپ ئويناش، ئاياللار يەككە ئويناش، ئاياللار جۈپ ئويناش)

ۋالىبول

قۇملۇق ساھىلدە ۋالىبول ئويناش

## ۋېلىسىپىت

تاشيول ۋېلىسىپىتى مۇسابىقە تۈرلىرى (ئەر - ئايال يەككە، ئەر - ئايال كوللېكتىپ)

مەيدان مۇسابىقە تۈرلىرى (يەككە قوغلىشىش مۇسابىقىسى، كوللېكتىپ قوغلىشىش مۇسابىقىسى، ئەرلەر 1000 مېتىرلىق ئارىلىققا ۋاقىت ھېسابلاش مۇسابىقىسى، يەككە ۋاقىت ھېسابلاش مۇسابىقىسى، كوللېكتىپ ۋاقىت ھېسابلاش مۇسابىقىسى، ئەرلەر 1000 مېتىرلىق ئارىلىققا بىرىنچىلىكنى تالىشىش مۇسابىقىسى، ئاياللار 1000 مېتىرلىق ئارىلىققا بىرىنچىلىكنى تالىشىش مۇسابىقىسى)

دالا مۇسابىقىسى

**ئات ئويۇنى** (توساق ئاتلاش، فىگۇرا چىقىرىش، ئۈچ كۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئات ئويۇنى)

**قىلىچۋازلىق** (گۈللۈك قىلىچ، ئېغىر قىلىچ، قىلىچ ئېتىش)

**گىمناستىكا**

ماھارەت تالىشىش گىمناستىكا تۈرلىرى (ياغاچ ئات، ئاسما ھالقا، قوش تورنىك، يالاڭ تورنىك، ئەرلەر ـ ئاياللار ئەركىن گىمناستىكىسى، ئاياللار ـ ئەرلەر ياغاچ ئات، ئاياللار ئېگىز ـ پەس تورنىك، ئاياللار تەڭپۇڭ ياغاچ)

سەنئەتلىك گىمناستىكا (ئارقان، توپ، كالتەك، لىنتا، چەمبەر)

**پۈتنى تۈزلەش**

**زامانىۋى بەش تۈر** (قارىغا ئېتىش، قىلىچۋازلىق، سۇ ئۈزۈش، ئات ئويۇنى، دالا مۇسابىقىسى)

يەلكەنلىك كېمە (مىستىرا تاختىسى، فېللاندىيىلىكلەر دەرىجىسى، ئىنفىرا نۇر دەرىجىسى، 470 لىك دەرىجە، 49 كىشىلىك دەرىجە، كارنادو دەرىجىسى، يۇلتۇز دەرىجە، ياۋروپا دەرىجىسى، سولىن دەرىجىسى)

**قارىغا ئېتىش** (ئەرلەر كالىبىرلىق مىلتىق بىلەن دۈم يېتىپ ئېتىش، كىچىك كالىبىرلىق مىلتىق بىلەن 40 × 3

مېتىرلىق نىشانغا ئېتىش، گاز مىلتىق بىلەن 10 مېتىرلىق ئارىلىقتىكى نىشانغا ئېتىش، تاللىۋالغان تاپانچا بىلەن 50 مې- تىرلىق ئارىلىقتىكى نىشانغا ئېتىش، تاپانچا بىلەن 25 مېتىرلىق ئارىلىقتىكى نىشانغا تېز ئېتىش، گاز تاپانچا بىلەن 10 مېتىرلىق ئارىلىقتىكى نىشانغا ئېتىش، 10 مېتىرلىق ئارىلىقتىكى ھەرى- كەتچان نىشانغا ئېتىش، كۆپ يۆنىلىشلىك ئۇچار تەخسىسىمان نىشانغا ئېتىش، قوش يۆنىلىشلىك ئۇچار تەخسىسىمان نىشانغا ئېتىش، كۆپ يۆنىلىشلىك ئۇچار تەخسىسىمان قوش نىشانغا ئېتىش، ئاياللار كىچىك كالىبېرلىق مىلتىق بىلەن 40 × 3 مېتىرلىق ئارىلىقتىكى نىشانغا ئېتىش، گاز مىلتىق بىلەن 10 مېتىرلىق ئارىلىقتىكى نىشانغا ئېتىش، تاپانچا بىلەن 25 مېتىر ئارىلىقتىكى نىشانغا ئېتىش، گاز تاپانچا بىلەن 10 مېتىرلىق ئارىلىقتىكى نىشانغا ئېتىش، كۆپ يۆنىلىشلىك ئۇچار تەخسىسى- مان نىشانغا ئېتىش، قوش يۆنىلىشلىك ئۇچار تەخسىسىمان نى- شانغا ئېتىش، كۆپ يۆنىلىشلىك ئۇچار تەخسىسىمان قوش نىشان- غا ئېتىش)

**تەمۇر ئادەملەرنىڭ ئۈچ تۈرى** (سۇ ئۈزۈش، ۋېلىسى- پىت، يۈگۈرۈش)

**ئېغىرلىق كۆتۈرۈش** (ئەرلەر 56، 62، 69، 77، 85، 94، 105 ۋە 105 كىلوگرامدىن يۇقىرى دەرىجىلىكلەر؛ ئاياللار 48، 53، 58، 63، 69، 75 ۋە 75 كىلوگرامدىن يۇقىرى دەرىجىلىكلەر، بۇ تىنماي كۆتۈرۈش ۋە تىنىپ كۆتۈرۈش دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ)

**چېلىشىش** (ئەرلەر ئەركىن ھالەتتە 54، 58، 63، 69، 76، 85، 97، 130 كىلوگراملىق دەرىجىلىكلەر؛ ئەنئەنى- ۋى چېلىشىش 54، 58، 63، 69، 76، 85، 97، 130 كىلوگراملىق دەرىجىلىكلەر)

**بوكس** (ئەرلەر 48، 51، 45، 57، 60، 63.5، 67،

71 ، 75 ، 81 ، 91 ۋە 91 كىلوگرامدىن يۇقىرى دەرىجىلىكلەر)

**روداۋچە چېلىشىش** (ئەرلەر 60 ، 66 ، 73 ، 81 ، 90 ، 100 ۋە 100 كىلوگرامدىن يۇقىرى دەرىجىلىكلەر؛ ئاياللار 48 ، 52 ، 57 ، 63 ، 70 ، 78 ، ۋە 78 كىلوگرامدىن يۇقىرى دەرىجىلىكلەر)

**كورىيىچە بوكس** (ئەرلەر 58 ، 68 ، 80 ۋە 80 كىلوگرامدىن يۇقىرى دەرىجىلىكلەر؛ ئاياللار 49 ، 57 ، 67 ۋە 67 كىلوگرامدىن يۇقىرى دەرىجىلىكلەر)

**قېيىق** (بىر ئادەم ئىككى پالاق تۇتۇش؛ ئىككى ئادەم بىر پالاق تۇتۇش، رولچى بولماسلىق؛ ئىككى ئادەم ئىككى پالاق تۇتۇش؛ تۆت ئادەم بىر پالاق تۇتۇش، رولچى بولماسلىق؛ تۆت ئادەم ئىككى پالاق تۇتۇش؛ سەككىز ئادەم بىر پالاق تۇتۇش، رولچى بولۇش؛ يەڭگىل قېيىقتا ئىككى ئادەم ئىككى پالاق تۇ- تۇش؛ يەڭگىل قېيىقتا تۆت ئادەم بىر پالاق تۇتۇش، رولچى بولماسلىق؛ تۆت ئادەم ئىككى پالاق تۇتۇش، رولچى بولۇش)

**تۇلۇم** (تۇلۇمنى 500 مېتىرلىق ئارىلىقتا يەككە ھەيدەش، 1000 مېتىرلىق ئارىلىقتا يەككە ھەيدەش، 500 مېتىرلىق ئارى- لىقتا ئىككى ئادەم ھەيدەش، 500 مېتىرلىق ئارىلىقتا تۆت ئادەم ھەيدەش، 1000 مېتىرلىق ئارىلىقتا ئىككى ئادەم ھەيدەش، 1000 مېتىرلىق ئارىلىقتا تۆت ئادەم ھەيدەش، 500 مېتىرلىق ئارىلىقتا يەككە ئادەم ھەيدەش، 500 مېتىرلىق ئارىلىقتا ئىككى ئادەم ھەيدەش، 1000 مېتىرلىق ئارىلىقتا ئىككى ئادەم ھەيدەش)

## قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقە تۈرلىرى

**ئېگىز تاغدا قار تېيىلىش** (ئومۇمىي ماھارەت، ئېگىز تاغ ئۈستىدىن پەسكە قاراپ چاڭغا تېيىلىش، چوڭ ئايلىنىش، چوڭ ئايلىنىشتىن ھالقىش)

**ئەركىن مۇز تېيىلىش** (بوشلۇقتا ماھارەت كۆرسىتىش، قار ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىش)

**دالىدا قار تېيىلىش** (ئەرلەر 10 كىلومېتىرلىق ئارىلىق، 15 كىلومېتىرلىق ئارىلىق، 30 كىلومېتىرلىق ئارىلىق، 50 كىلومېتىرلىق ئارىلىق، 4×10 كىلومېتىرلىق ئارىلىقتا كۆچ ئۆلاش؛ ئاياللار 5 كىلومېتىرلىق ئارىلىق، 10 كىلومېتىرلىق ئارىلىق، 15 كىلومېتىرلىق ئارىلىق، 30 كىلومېتىرلىق ئارىلىق، 4×5 كىلومېتىرلىق ئارىلىقتا كۆچ ئۆلاش)

**پەشتاقتىن سەكرەپ قار تېيىلىش** (ئەرلەر 90 مېتىرلىق دەرىجە، 120 مېتىرلىق دەرىجە، كوللېكتىپ)

**تاختايدىن سىيرىلىپ قار تېيىلىش** (ئەرلەر U شەكىللىك مەيداندىكى تېيىلىش يولىدا ماھارەت كۆرسىتىش، ئاياللار U شەكىللىك مەيداندىكى تېيىلىش يولىدا ماھارەت كۆرسىتىش، ئەرلەر تېيىلىش يولىدا قوغلىشىپ مۇز تېيىلىش، ئاياللار تېيىلىش يولىدا قوغلىشىپ مۇز تېيىلىش، ئەرلەر پاراللېل چوڭ ئايلىنىش، ئاياللار پاراللېل چوڭ ئايلىنىش)

**شىمالىي ياۋروپا تۈرى** (پەشتاقتىن سەكرەپ تېيىلىش، دالىدا مۇز تېيىلىش)

**زامانىۋى قىشلىق مۇسابىقە تۈرى** (دالىدا قار تېيىلىش، نىشانغا ئېتىش)

**رولى بار چانا** (ئەرلەر ئىككى كىشىلىك، ئەرلەر تۆت كىشىلىك، ئاياللار ئىككى كىشىلىك)

**رولسىز چانا** (ئەرلەر يەككە، ئاياللار يەككە، ئەرلەر ئىككى كىشىلىك)

**مۇز چەينەك**

**مۇز توپ**

**فىگۇرا چىقىرىپ مۇز تېيىلىش** (يەككە، ئىككى كىشىلىك، مۇز ئۈستى ئۇسسۇلى)

**قىسقا ئارىلىقتا تېز تېيىلىش** (ئەرلەر 500 مېتىر، 1000 مېتىر، 1500 مېتىر، 5000 مېتىرغا كۆچ ئۆلاپ يۈگۈرۈش؛ ئاياللار 500 مېتىر، 1000 مېتىر، 1500 مېتىر، 3000 مېتىرلىق ئارىلىقتا كۆچ ئۆلاپ يۈگۈرۈش)

**تېز مۇز تېيىلىش** (ئەرلەر 500 مېتىر، 1000 مېتىر، 1500 مېتىر، 5000 مېتىر، 10000 مېتىر؛ ئاياللار 500 مېتىر، 1000 مېتىر، 1500 مېتىر، 3000 مېتىر، 5000 مېتىر)

**图书在版编目（CIP）数据**

奥运故事：维吾尔文/花爱萍等编；牙生·赛依提译. —乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2008.5
ISBN978－7－5371－5841－1

Ⅰ.奥… Ⅱ.①花…②牙… Ⅲ.奥运会—通俗读物—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.G811.21—49

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 075453 号

责任编辑：**艾尼瓦尔·艾山**
**艾克拜尔·塔西**
责任校对：**依巴达提·亚森**
封面设计：**阿力甫·夏**

**奥运故事**（维吾尔文）
**花爱萍** 等编
**牙生·赛依提** 译

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路二巷1号 邮编：830049）
新疆新华书店发行
新疆翼百丰印务有限公司印刷
850×1168毫米 32开本 5.25印张
2008年5月第1版 2008年5月第1次印刷
印数：1—3000

ISBN978－7－5371－5841－1 定价：9.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换



مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ

OLYMPIC

# ئولىمپىك ھەققىدە ھېكايىلەر

Beijing 2008

ISBN 978-7-5371-5841-1

9 787537 158411 >

باھاسى: 9.00 يۈەن